ره‌همه‌تۇللا ره‌همه‌تی

# جوڭگونىڭ شه‌رقی تۈركستاندا ئاده‌م يه‌رله‌شتۈرىشی

«التهجير الصينی فی تركستان الشرقية»

ته‌رجمه

بسم الله الرحمن الرحيم

# كىتابخانلارغا

ھۆرمەتلىك كىتابخان قولىڭىزدىكى «جۇڭگونىڭ شەرقى تۈركىستاندا
ئادەم يەرلەشتۈرۈشى» ناملىق بۇ كىتاب، سىزنى ۋە سىزگە ئوخشاش باشقى-
لارنى غەپلەت ئۇيقۇلىرىدىن ئويغىتىپ قويىدۇ. خەلقىڭىزنىڭ ۋە ۋەتىنىڭىزنىڭ
ئىستىقبالىغا كۆز تىكىپ تۇرغان خەتەرلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ.
ھۆرمەتلىك كىتابخان سىز ئەمدى تېزدىن ئويغىنىڭ! ئازادى ئويغىنى-
شىڭىز لازىم. پۈتۈن دۇنيا ئەركىنلىك ئۈچۈن تەۋرىنىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە
سىزنىڭ جىم يېتىۋېلىشىڭىز ھەرگىزمۇ لايىق ئەمەس. ئويغىنىڭ!!!
بۇ كىتاب جۇڭگولۇقلارنىڭ، سىزنىڭ يۇرتىڭىز (شەرقى تۈركىستان)غا
200 مىليون خەنزۇ يەرلەشتۈرۈش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغاندىن
كېيىن، تەدرىجى ھالدا ئۇ جايدا كۆپ سانلىقنى ئىگەللەش ئارقىلىق،
سىزنى ۋە خەلقىڭىزنى ئۆزلىرىگە پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىش،
يۇرتىڭىزنى تارىخ سەھىپىسىدىن ۋە جۇغراپىيە يۈزىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاپ
ئۇنى پەقەتلا مەڭگۈ ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋېلىشتىن ئىبارەت ۋەھشىيانە
سۈيىقەستىنى پاكىتلار بىلەن ئوچۇق ئاشكارا ئېچىپ تاشلايدۇ.
بەلكى بۇنداق سۈيىقەستلەرنىڭ يوشۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى خىيالىڭىزغا
كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان بولىشىڭىز مۇمكىن. ئەلۋەتتە شۇنداق.
جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى دەۋردىكى ئازتولا دىنى، سىياسى
ۋە ئىقتىسادى كەڭچىلىكلەرنى بېرىشى ھەرگىزمۇ مەخسەتسىز ئەمەس.
ئۇلار شۇ باھانە بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل تامالىرىنى ئىشقا
ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ھەركەت قىلىۋاتماقتا.
بازارلارنى ئېچىپ بېرىش، سودا، تىجارەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇش
باھانىسى بىلەن تۈركىستان خەلقىنىڭ پىكر، خىيالىنى بۇ ئىشلارغا
بۇرىۋېتىش ئارقىلىق، تۈركىستانغا يۈز مىڭلارچە خەنزۇلارنى توكۇۋاتىتى
ۋە يەنە توكۇۋاتىدۇ. خەنزۇلارنى ئۇ جايغا مەجبۇرى ھالدا يۆتكەش

ئۇنىڭ ھۆكۈمەت بارلىق ۋەسىلىلەرنى قوللىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئىچكىرىدىن تۈركىستانغا بارىدىغان پويىزلار لىق ئادەم بىلەن چىقىتىلىپ بارىدۇ، ئەمما قايتىپ كېتىشىشتە بولسا گاھىدا قورۇق گاھىدا ئازغىنە ئادەم سىلىپ شالاڭ ھالدا قايتىدۇ. ھەتتا ئىچكىرىدىن تۈركىستانغا بېرىش بىلەتى ناھايىتى ئەرزان، ئىچكىرىگە قايتىش بىلەتى ئىنتايىن قىممەت سېتىلىدۇ. مانا بۇ، خەنزۇلارنى تۈركىستاندا يەرلىشىپ قېلىشقا مەجبۇر قىلىدىغان ۋەسىلىلەردىن بىرىدۇر.

ھازىرقى كۈندە شەرقى تۈركىستاندىكى بارلىق ھۈنەر - سەنئەتلىرىنى ئاساسەن خەنزۇلار ئىگەللەپ بولغان. مەسىلەن: سەيپۇڭچىلىق، ياغاچچىلىق، سائەت تۈزۈتۈش، رادىيو - تېلېۋىزىيە ئوڭلاش، سىر- چىلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نورغۇنلىغان قول ھۈنەرۋەنچىلىكلىرىنى پەقەتلا خەنزۇلار ئىگەللەپ بولغان. بۇ سەۋەپتىن بىچارە يەرلىك خەلق ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەر - سانائەتلىرىنى ئاقتۇرالماي ئىشسىز قالماقتا. ئۇلار ئۆز يۇرتىدا غورىبەت چېكىۋاتماقتا.

دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە زۇلۇمغا قارشى ئەركىنلىك سادالىرى ياڭرىۋاتقان مۇشۇ كۈندە، جۇڭگو مۇستەملىكىچىلىرى شەرقى تۈركىستاننى مەڭگۈ ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋېلىش خام خىياللىرىنىڭ دەپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتماقتا. ئۇلار تۈركىستاندا چىققان ئەركىنلىك ۋە مۇستە- قىللىق تەلەپ قىلىش ھەركەتلىرىنى ھەرخىل ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن باستۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇجايدىكى ئەركىنلىك داۋالىرىنى دۇنيا خەلقىگە ئاڭلىتىپ قېلىشتىن قەتئىي توسۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھەتتا چەتئەللىك موخبىرلارنىمۇ شەرقى تۈركىستان رايونىغا كىرگۈزمەيدۇ، كىرگۈزگەندىمۇ مەخسۇس شەرت ۋە چەكلىمىلەر بىلەن كىرگۈزىدۇ.

جۇڭگولۇقلار ھەمىشە باشقىلارنىڭ زېمىنلىرىغا كېڭىيىشتىن ئىبارەت ئەجدادلىرىنىڭ ئاماللىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى چېگرىسى سېرىق دەريا بويىدىن تەدرىجى ھالدا كېڭىيىش ئارقىلىق «سەددىچىن» گە قەدەر يەتكەن. كېيىن ئۆزلۈكسىز ھالدا كېڭىيىپ ھازىرقى جايغىچە كەلگەن. ئۇلار ھازىر شەرقى تۈركىستاننىڭ

يەرمەيدانىنى ۋە ئاھالە سانىنى ناھايىتى ئاز كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇ.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، مۇستەملىكىچىلەر سىزنىڭ ۋە ۋەتىنىڭىزنىڭ ئىستىقبالىغا ھەرخىل سۇيىقەست - تەدبىرلەرنى پىلانلاۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، سىزمۇ ئۆز ۋەتىنىڭىز ھەققىدە پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا كۆز ئېچىۋاتقان خەتەرلەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن چارە ئىزلىمىسىڭىز سىللىسىڭىزنىڭ تارىخى ئالدىدا، ئۇلۇغ دانىشمەن، باتۇر ئەجدادلىرىڭىزنىڭ مۇقەددەس روھى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىڭىزنىڭ تەقدىرى ئالدىدا بەتنامغا قالىسىز. سىز مەڭگۈلۈك ئاسارەتكە يارىتىلىپ كەتكەن ئەمەس. ئانداق ئەمەس! ھەرگىزمۇ ئانداق ئەمەس!!! ئەجدادلىرىڭىزنى ئەسكە ئېلىڭ! ئەجدادلىرىڭىز ئەزەلدىن جىم ياتقان ئەمەس.

سىزنىڭ ئەجدادلىرىڭىز ۋە قان قېرىنداشلىرىڭىز ئۆز تارىخىدا، ئاسىيادا قۇدرەتلىك ھۇن ئەگرىقۇتلۇقى (مىلاددىن 240 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 216 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئاق ھۇن ئىمپىرىيىسى (مىلادىنىڭ 420 - يىلىدىن 565 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ياۋروپا ھۇن ئىمپىرىيىسى، قۇدرەتلىك كۆك تۈرك قاغانلىقى (551 - 744)، ئۇيغۇر كەڭسۇ (گەنسۇ) خانلىقى (870 - 1036)، ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى (646 - 845)، قۇدرەتلىك ئۇلۇغ قاراخانىلار دۆلىتى (850 - 1212)، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى (850 - 1335)، ئۇلۇغ سەلجۇقىلار سۇلتانلىقى (1040 - 1157)، ئۇلۇغ غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى (963 — 1187)، ياركەنت (سەئىدىيە) خانلىقى (1504 - 1678) ۋە ياقۇپ بەدۆلەت يېتەكچىلىكىدىكى شەرقى تۈركىستان (قەشقەرىيە) دۆلىتى (1863 - 1876) قاتارلىق دۇنيادا مەشھۇر بولغان قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرغان. بۇ دۆلەتلەر دەۋرىدە قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ تارىخى سەھنىسىدە ئىنتايىن مۇھىم روللارنى ئوينىغان. بولۇپمۇ ئۇلۇغ قاراخانىلار دەۋرىدە مەدەنىيەت گۈللىنىپ - ياشناپ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە قىممەتلىك، ئۆچمەس تۆھپىلەر

قۇشۇلغان. كېيىن سىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭىز شەرقىي تۈركىستان
ئىسلام جۇمھۇرىيىتى (1933 - 1934) ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي
جۇمھۇرىيىتى (1945 - 1949) قاتارلىق دۆلەتلەرنى قۇرغان.

دىن ۋە مىللەتنىڭ قايتماس پىداكارى ئۇستاز رەھمەتۇللا
رەھمىتىنىڭ «جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئادەم يەرلەشتۈرۈشى»
دېگەن بۇ كىتابى مانا شۇ تارىخى جەرياننى خاتىرىلىگەن.

بۇ كىتاب ئالدى بىلەن پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا شەرقىي تۈر-
كىستاننى ۋە ئۇنىڭ تارىخى ۋەقەلىكلىرىنى ئىخچام ھالدا بىر قاتار
تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى باسقۇچىدا شەرقىي تۈركىستاندا
يۈز بېرىۋاتقان پاجىئەلىك ھادىسىلەرنى ئورۇن ۋە تارىخلىرى بىلەن
ۋەسىقىلىق ھالدا كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ
شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن خەنزۇ-
لارغا پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ
شەخسىيىتىنى ۋە مىللىي ئەنئەنىسىنى ئۈزۈلكىسىز يوقىتىۋېتىشتىن
ئىبارەت كېلەچەك پىلانلىرىنى پاكىتلار بىلەن ئېچىپ تاشلاپ پۈتۈن
دۇنيا ئەللىرى خۇسۇسەن ئىسلام ئەللىرىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوز-
غايدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇستاز رەھمەتۇللا رەھمىتى پۈتۈن
ئىسلام ئەللىرىگە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ
بېرىۋاتقان زورلۇق سىياسەتلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى ئېچىپ بېرىش
ۋە تۈركىستان خەلقىنىڭ چېكىۋاتقان دەرت ئەلەملىرىنى ئۇلارغا
ئاڭلىتىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك خىزمەتنى ئورۇندىدى.

ئاللا ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرسۇن.

تەرجىماندىن

30 - 10 - 1991

# مۇندەرىجە


تەقدىم ...... 3
قارار ...... 4
كىرىش سۆز ...... 5
مۇقەددىمە ...... 7


## I بۆلۈم شەرقى تۈركىستان، ئۇنىڭ جۇغراپىيىسى ۋە تارىخى


بىرىنچى باب شەرقى تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيىسىدىن بىر كۆرۈنۈش ...... 10
شەرقى تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيىسى ...... 13
شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادى بايلىقلىرى ...... 15
ئىككىنچى باب «شەرقى تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار، تارىخ ۋە
مەدەنىيەت ئىگىلىرى بولغان خەلقلەردۇر» ...... 17
تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار بۆلۈك خەلقلەرمۇ ياكى ئارىسالانلىقلارمۇ؟ ...... 20
ئۈچىنچى باب شەرقى تۈركىستان - تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى ...... 22
كۆك تۈرك دۆلىتى ...... 26
ئۇيغۇر - ئورخۇن دۆلىتى (616 — 1260) ...... 28
قارلۇقلار دۆلىتى (735 — 1260) ...... 30
تۆتىنچى باب شەرقى تۈركىستاندا ئىسلام ...... 32
ئۇلۇغ قاراخانلار دۆلىتى ...... 34
قاراختايلار (قىتانلار) دۆلىتى ...... 36
شەرقى تۈركىستاندا موڭغۇل ھاكىمىيىتى ...... 38
خوجىلار ۋە جۇڭگونىڭ تاجاۋۇز قىلىشى 39
بەشىنچى باب شەرقى تۈركىستان مەملىكىتى ۋە جۇڭگو ئىستىلاسى ...... 41
ئالتىنچى باب جۇڭگو ۋە شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ...... 46
شەرقى تۈركىستاندا كوممۇنىست ئىستىبدادى ...... 50

ئىزاھلار : ....................................... 55

## II بۆلۈم جۇڭگونىڭ شەرقى تۈركىستانغا كەڭ كۆلەملىك ئادەم يۆتكەش ھەركىتى

بىرىنچى باب مۇستەملىكىچىلەرنىڭ شەرقى تۈركىستاننى ئىدارە قىلىش
تۈزۈمى ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى .............. 60
ئىككىنچى باب جۇڭگونىڭ شەرقى تۈركىستانغا ئادەم كۆچۈرۈش دولقۇنى ..... 70
ئۈچىنچى باب جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرى ۋە كېلىپ
چىقىشلىرى ....................................... 82
ئىشلەپ چىقىرىش، قۇرۇلۇش ئارمىيە ئەترەتلىرى ............ 89
ئىزاھلار : ....................................... 94
تۆتىنچى باب جۇڭگولۇقلارنىڭ تۈركىستاندىكى يەرلىشىشى ۋە ئاپتو-
نومىيە ھوقۇقىنىڭ يوقىلىشى ............................ 101
مۇسۇلمانلار خەنزۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى ....... 105
بەشىنچى باب تۈركىستانلىقلار ۋە توغۇت چەكلەش .............. 110
ئالتىنچى باب شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ، جۇڭگونىڭ ئوچايدىكى
خەنزۇ يەرلەشتۈرۈش ھەركەتلىرىگە قارشى كۆرەشلىرى .......... 116
يەتتىنچى باب سىياسىي ۋە ئىقتىسادى كەڭچىلىك دەۋرىدىكى
شەرقى تۈركىستانغا ئادەم كۆچۈرۈشى ........................ 123
خۇلاسە ۋە تەۋسىيە ...................................... 131
ئىزاھلار : ....................................... 134
پايدىلىنىلغان ئەرەپچە ماتېرىياللار ......................... 139
پايدىلىنىلغان ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار ........................ 141
پايدىلىنىلغان چەتئەل ماتېرىياللىرى ........................ 142
شەرقى تۈركىستاننىڭ ئاسىيادىكى ئورنىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتە .... 144

# تەقدىم

«مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا
كۆڭۈل بىلمىگەن ئادەم ئۇلاردىن
ئەمەس» دېگەن ھەدىس شەرىپ-
نىڭ روھىغا ئەمەل قىلدىغان
بۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن.

# قارار

هىجرىيەنىڭ 1384 - يىلى ( مىلادىينىڭ 1963 - يىلى ) زۇلھەججە ئايىنىڭ 15 - كۈندىن شۇ ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە مەككە مۇكەررەمەدە ئېچىلغان ئومۇمىي يۈزلۈك ئىسلام قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى : بۈتۈن ئىسلام دۆلەتلىرىنى مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلامى ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقىتىپ ، ئۇنى زورلۇق بىلەن ئاتىۋېلىنغان «شىنجاڭ» ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىغا بۇ رايوننىڭ ئەسلىدىكى ئۆز نامى - «شەرقىي تۈركىستان» نامىنى تۇتۇشقا چاقىرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ مەسىلىنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېتەرلىك پروگراممىلارنى بېكىتىشكە ۋە ئۆز ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ چەت ئەللەردە سەرسان بولۇپ يۈرگەن ، مىليونلىغان تۈركىستانلىقلارغا جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئىسلامىي يوللىرىدا داۋام قىلىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولۇشقا چاقىرىدۇ .

# كىرىش سۆز

بۇ كىتاب ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك كىتاپتۇر. دۇنيانىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۆز دىنىي قېرىنداشلىرىنىڭ مېھنەتلىرىنى تونۇشلىرى ۋە جۇڭگو مۇستەبىتلىكچىلىرى تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ ئىسلامىيتى ۋە ئەركىنلىكى ئاياق ئاستى قىلىنىشى نەتىجىسىدە ئۇلارغا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەمىمىي ھېسداشلىق قىلىشلىرى ئۈچۈن بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

ئۇستاز رەھمەتۇللا رەھمەتى تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ باستۇرۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا يەتكەن بالايى-ئاپەتلەرنىڭ ئاردىغلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلدى.

كىتاپخانلىرىمىز شەرقىي تۈركىستانغا ئىسلامنىڭ قاچان كىرگەنلىكى ھەققىدە سورىشى مۇمكىن.

مىلادىنىڭ 715 - يىلى ئۇمەۋى خەلىفىسى ۋەلىد بىننى ئابدۇمەلىكنىڭ ۋاقتىدا ئەرەپ قوماندانى قۇتەيبە بىننى مۇسلىمنىڭ تۈركىستان زېمىنىغا يېتىشى بىلەن بىرگە ئۇ جايغا ئىسلام كىرگەن. شۇ ۋاقىتتا تۈركلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا ئالدىرىدى. شۇ ئىقلىملارنىڭ بەرزەنتلىرى بولغان، ئۇلارنىڭ قان-قېرىنداشلىرى ئارىسىدا ۋە باشقا قوشنا ئەللەر ئارىسىدا ئىسلامنىڭ تېز سۈرئەتتە تارقىلىشىدا ئۇلار (يەنى تۈركلەر) ئالاھىدە باشلامچى رول ئوينىغان.

شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنى جۇڭگولۇقلارغا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئىشلىرى مىلادىنىڭ 1878 - يىلى چىڭ سۇلالىسى خاندانلىقى تەرىپىدىن باشلانغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنى ئۇلارنىڭ ئىسلامىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن مەھرۇم قىلىش ئىشلىرى ئەڭ رەسمىي ھالدا ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىغان.

بۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۆزلىرىنىڭ

دىنى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ شەرق تەرەپتىن جۇڭگو مۇستەملىكىچىلىرى ، غەرب تەرەپتىن رۇس مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تۈرلۈك زۇلۇملىرى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار بىلەن بىر دىل بولۇپ ئورتاق ئەركىن ياشاشنى ئارزۇ قىلماقتا .

ئاللا ئۇلارغا ياردەم بەرسۇن ! ئاللا ئۇلارنى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە باشلىسۇن ! ئامىن .

ئەھمەد جامال

# مۇقەددىمە

جىمى ھەمدۇ-سانا پۈتكۈل ئالەملەرنى پەرۋىش قىلغۇچى ئاللاغا خاستۇر. ئاللانىڭ ئىشەنچلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا ئاللادىن رەھمەت ۋە ئامانلىق تىلەيمەن.

چەتئەل گېزىت، ژۇرناللىرىدا جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئادەم كۆچۈرۈشى ھەققىدە ئالاھىدە نەشر قىلىنغان خەۋەرلەر ئىككى مەسىلە ئۈچۈن مېنىڭ ئۇ خەۋەرلەردىن ئۇزاقىپ بولۇشۇمغا ۋە ئۇ توغرۇلۇق كۆپلەپ ئىزدىنىشىمگە دىققىتىمنى قوزغىدى.

بىرىنچىسى: جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئادەم كۆچۈرۈشىنىڭ ھەقىقىتىنى، ئۇلارنىڭ ئادەم كۆچۈرۈشتىكى مەخسەتلىرىنى، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئاھالىلار زىچلىقى ۋە بۇ رايوننىڭ ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان تارىخىي، مەدەنىي ئالاقىسىنى بىلىش.

ئىككىنچىسى: ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى بولغان بۇ رايوننىڭ ئەھۋالىغا شەرقشۇناسلارنىڭ ۋە ياۋروپالىق مۇخبىرلارنىڭ ئىھتىمام بېرىۋاتقانلىقى، ئىسلام كۇتۇپخانىلىرىدا خۇسۇسەن ئەرەب كۇتۇپخانىلىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنكى كۈنى ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنىڭ ۋە ئىلمىي ماتېرىياللارنىڭ ناھايىتى ئازلىقى.

مەن بۇ كىتابنى تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ يات ئەللىك (جۇڭگونىڭ) ھۆكۈمرانلىقى، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا ئۆز ئادەملىرىنى يەرلەشتۈرۈشى سەۋەبلىرىدىن چېكىۋاتقان چىدىغۇسىز ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنىڭ بەزىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئۈمىدى بىلەن تەلىپ قىلدىم.

بۇ كىتاب مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىلمىي ھەيئەتلىرى ۋە رادىيو-تېلېۋىزىيە ھەيئەتلىرى ئۈچۈن تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشىدۇر.

تاكى بۇنىڭغا ئوخشىغان مەسىلىلەر غەيرى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ساقلىنىپ قالماستىن بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ مەسىلىگە ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئىسلامى مەسىلىلەرگە ئىھتىمام بېرىشلىرى، ئۈچۈن بۇ كىتابىم تۈرتكە بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

بۇ مەقسەتلىرىمنىڭ بەزىلىرىدە بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلەردىن بولۇشۇمنى ئاللادىن تىلەيمەن. مەن پەقەت ئاللانىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن. ئاللا ماڭا كىپايىدۇر. ئۇ نېمە دېگەن ياخشى ياردەمچى!.

ئەبۇ مۇسلىم رەھمەتۇللا رەھمەتى

# I بۆلۈم

## شەرقى تۈركىستان

## ئۇنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى

## بىرىنچى باب

## شەرقىي توركىستاننىڭ جوغراپىيىسىدىن بىر كۆرۈنۈش

### ئورنى وە بۆلۈنۈشى :

توركىستان ( توركلەرنىڭ ئانا يۇرتى ) ئوتتۇرا ئاسىياغا جايلاشقان بولۇپ ، بۇ رايون شەرقتە جۇڭگو بىلەن ئىچكى موڭغۇلغا ، غەربتە قەزۋىن بىلەن ئورال دەرياسىغا ، جەنۇبتا تىبەت ، ھىندىستان ، پاكىستان ، ئافغانىستان وە ئىرانغا ، شىمالدا موڭغۇلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكدىكى سىبىرىيەگە چېگرىلىنىدۇ .

بۇ رايوننى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى 1689 - يىل ئاۋغۇستتا نېرتچىنسك پىتىمنامىسى بىلەن باشلىنىپ ، 1881 - يىل فېۋرالدا سانت - پېتروسبۇرغ پىتىمنامىسى بىلەن ئاياقلاشقان ، بىر قانچە تەڭسىزلىك پىتىملارنىڭ چەكلەپ بېرىشى ئاستىدا رەسمىي بېسىۋېلىپ ، بۇ رايوننى ئىككى ئىستىلاچى بۆلۈشىۋالدى .

بۇ رايوننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بېسىۋالغان غەربىي قىسمى ، غەربىي توركىستان دەپ تونۇلىدۇ . ئۇنىڭ يەر مەيدانى 3,993.400 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ رايون پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى يەر مەيدانىنىڭ بەشتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ . قەيسەر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە بۇ رايون توركىستان ۋىلايىتى دەپ تونۇلۇپ كەلگەن بولسىمۇ ، روسىيەدە پارتلىغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ، 1924 - يىلى غەربىي توركىستان تۆۋەندىكى بەش جۇمھۇرىيەتكە بۆلۈۋېتىلدى .

ئۇلار تۆۋەندىكىچە :

1 - ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ، پايتەختى - تاشكەنت .

2 - توركمەنىستان جۇمھۇرىيىتى ، پايتەختى - ئەشق ئاباد .

3 - تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى ، پايتەختى - دۈشەنبە .

4 - قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ، پايتەختى - ئالمائاتا .

5 - قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ، پايتەختى - فرونزە .

ئەمما بۇ رايوننىڭ جۇڭگو بېسىۋالغان شەرقىي قىسمى، شەرقىي تۈركىستان دەپ تونۇلىدۇ. ئۇنىڭ يەر مەيدانى 1834.750 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ رايون ئۆزىنىڭ مۇشۇ يەر مەيدانى بىلەن تۈركىيەدىن 2½ ھەسسە، گېرمانىيەدىن 4 ھەسسە، پاكىستاندىن 3 ھەسسە، ھىندونېزىيەدىن 2 ھەسسە چوڭ بولغان بولىدۇ. تىبەت، ئىچكى موڭغۇل ۋە مانجۇرىيەلەرنىمۇ ھېساپلىغاندا پۈتۈن جۇڭگونىڭ يەر مەيدانىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ زالىم ئىمپېراتورى زەي تىننىڭ ۋاقتىدا، ئۇنىڭ مەخسۇس ئەمرى بىلەن 1884-يىلى 11-ئاينىڭ 18-كۈنى ئالاھىدە قارار چىقىرىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىپ بېكىتىپ، ئۇنى جۇڭگوغا قوشۇۋالغان ۋە بۇ رايوننىڭ ئىسمىنى «شىنجاڭ» (يېڭى ئېلىنغان جاي) دەپ ئاتىۋالغان.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاننى ئىستېلا قىلىۋالغاندىن كېيىن، 1955-يىلى 10-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن باشلاپ، ئۇلار بۇ رايوننى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتاشقا باشلىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، يەنە ئۇلار تەرىپىدىن، شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىدىغان يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى تەشكىل قىلىش مەقسىدى بىلەن بۇ رايون بىر قانچىلىغان كىچىك سىياسىي تارماقلارغا بۆلۈۋېتىلدى. ھەمدە بۇ تارماقلارنى خەنزۇ مىللىتىدىن باشقا يەرلىك خەلقلەر ۋە يېقىندىن كۆچۈپ بارغان خەلقلەر ئۈچۈن «ئاپتونومىيە» دەپ سۈپەتلىدى. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا تۆۋەندىكى سىياسىي تارماقلار كېلىپ چىقتى (★).

| سىياسى تارماقلارنىڭ ئىسىملىرى | قۇرۇلغان تارىخى | مىللەتلەر سانى | يەر مەيدانى كۋادرات كىلومېتىر |
|---|---|---|---|
| بايىنغولىن موڭغول ئاپتونوم ئوبلاستى | 1954-يىلى 23-ئىيۇن | 13 | 470 000 |
| بورتالا موڭغول ئاپتونوم ئوبلاستى | 1954-يىلى 13-ئىيۇل | 13 | 40 000 |
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | 1954-يىلى 14-ئىيۇل | 10 | 72 000 |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | 1954-يىلى 15-ئىيۇل | 13 | 82 000 |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | 1954-يىلى 29-نويابىر | 12 | 350 000 |
| قاراشەھەر خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 1954-يىلى 15-مارت | 8 | 1100 |
| چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | 1954-يىلى 25-مارت | 10 | 8 500 |
| مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 1954-يىلى 17-ئىيۇل | 8 | ? |
| قوبۇقسار موڭغول ئاپتونوم ناھىيىسى | 1954-يىلى 10-سېنتەبىر | 7 | 30 000 |
| تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | 1954-يىلى 17-سېنتەبىر | 7 | ? |
| باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 1954-يىلى 30-سېنتەبىر | 8 | 34 000 |

بىر رايوندىكى بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئارىسىدا بۇنداق كىچىك سىياسى تارماقلارنى پەيدا قىلىش، پەقەت تۈركىستاندا بۆلگۈنچىلىك سىياسىتىنى ئەمەللەشتۇرۇش ئۇسلۇبىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. قىرغىز، قازاق ۋە ئۇيغۇرلار ئەسلى كېلىپ چىقىشى بىر بولغان تۈرك مىللىتىنىڭ قەبىلىلىرىدۇر. جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقى شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارىسىنى بۆلۈپ، ئۇنىڭدىن پەيدا قىلىپ چىقارغان بۇ مىللەتلەر، كېلىپ چىقىشى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتى بىر بولغان بىر مىللەت خەلقلىرىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خەلقلەر شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەممە جايلىرىغا ئارىلىشىپ ھەممە يەردە ياشاپ كەلمەكتە.

گەرچە جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقى ئەرسىدىن بۇنداق سىياسى تارماقلار ئۇيدۇرۇپ چىقىرىلغان بولسىمۇ، بۇ مىللەتلەرنىڭ ئارىسىنى ھېچ بىر سىياسەت ياكى ھۆكۈمەت ئۆتمۈشتە ياكى بۈگۈنكى كۈندە ئايرىۋېتەلىگەن ئەمەس.

مەسىلەن: يەر مەيدانى 1100 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشمايدىغان قارا-

شەھەر خوبۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدە 8 مىللەت ياشايدۇ. بىرلا ۋاقىتتا بىر شەھەر باينغولىن ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدۇ. قاراشەھەر بىرىنچىدىن ئۇ قاراشەھەر خوبۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ مەركىزى، ئىككىنچىدىن ئۇ باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى. ئۈچىنچىدىن ئۇ ئۇيغۇرلار يۇرتى. خوبۇ مىللىتى ئۆزلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بۇ رايوننىڭ ئومۇمى ئاھالىسىدىن ئاران % 2 نى تەشكىل قىلسا، موڭغۇل مىللىتى باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى دەپ ئاتالغان بۇ رايوننىڭ ئاھالىسىدىن پەقەت % 3.5 نى تەشكىل قىلىدۇ ①. ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ سانلىقى ئۇيغۇرلاردۇر، ئۇيغۇرلارنى قالسا قازاقلار كۆپ سانلىقنى ئىگەللەيدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ۋە ئۇنىڭ بىر مىللەت خەلقىنى بۇخىل ئاجايىپ ئۇسلۇب بىلەن بۆلۈشى، پەقەت بۇ مىللەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قەبىلىۋازلىق ئۇرۇقىنى قوزغاش، ئاندىن كېيىن بۇ سىياسىي ئويۇننىڭ ھالقىسىنى ئۆزلىرى قولىدا تۇتۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىستىبدادى ھەۋەسلىرى بويىچە باشقۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيىسى

شەرقىي تۈركىستان ئىچكى رايون بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەڭ يېقىن بولغان دېڭىزلار ئۇنىڭدىن 1900 كىلومېتىر يىراقلىشىدۇ. يەنە شۇنداق تۇرۇپ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن كېلىدىغان ئېرتىش دەرياسى شىمالى مۇز دېڭىزىغا تۆكۈلىدۇ. بۇ دەريا بولسا تۈركىستان رايونىنى ئوچۇق دېڭىز بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان بىرلا دەريادۇر. بۇ رايون ئاساسەن يېرىم سەھرا ھېسابلىنىدۇ. بۇ رايوننىڭ زېمىن يۈزى ئۈچ تاغ تىزمىسى ۋە ئىككى ئويمانلىقتا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

① ئالتاي تېغى ياكى ئالتۇن تاغ.

ئالتۇن تاغ بولسا، ئۇ ئۆزىدە ئالتۇن كانلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن تونۇلغان تاغدۇر. ئۇ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ،

ئۇنىڭ كوپ قىسمى تاشقى موڭغۇلىيىدە جايلاشقان. ئەمما ئۇنىڭ تۈركىستاندىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 500 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جايدىكى ئېگىزلىكى 4374 مېتىر كېلىدۇ.

② ئەگرىتاغ (تيانشان تېغى).

ئەگرىتاغ تۈركىستاننىڭ شەرقى ۋە غەربىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىغا مەنسۇپ، بۇ تاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2500 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئەمما بۇ- تاغنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئىككى ئويمانلىقتا بۆلۈنگەن قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1700 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ تاغنىڭ كەڭلىكى غەربتە 400 كىلومېتىر، شەرقتە 100 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جايدىكى ئېگىزلىكى 7444 مېتىر كېلىدۇ.

③ قاراقۇرۇم، كۇئېنلۇن ۋە ئالتۇن تاغلىرى.

بۇ تاغلار پاكىستان ۋە تىبەت بىلەن بولغان شەرقى تەرەپتىكى چېگرىسىغا قەدەر ئۇزۇنلۇقتا، پامىر ئېگىزلىكىدىن شاخلاپ چىقىدۇ. شىمالدا ئاپغانىستان بىلەن تاجىكىستان تېررىتورىيىسىگە قەدەر سوزۇلىدۇ. بۇ تاغلار ئالاي تېغى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تاغلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىكى، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى ئېگىزلىكى 8611 مېتىر كېلىدىغان كوجود ئېگىزلىكىدۇر. بۇ ئېگىزلىك، ھازىرغا قەدەر ئىنسانلارنىڭ قەدىمى يەتمىگەن ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىك ئېۋرىست ئېگىزلىكىدىن قالسا، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئېگىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

④ شەرقى تۈركىستاننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان تۇخۇمسىمان شەكىلدىكى تارىم ئويمانلىقى.

بۇ ئويمانلىقتا قاراقۇرۇم ۋە ئالاي تاغلىرىدىن مەنبەلىنىدىغان تارىم دەرياسى ئاقىدۇ. بۇ دەريا، يەر مەيدانى 324000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان تەكلىماكان چۆللۈگىنى توغرىلاپ، دېڭىز يۈزىدىن 760 مېتىر ئېگىزلىكتىكى لوپنۇر كۆلىگە تۆكۈلىدۇ.

تارىم ئويمانلىقىغا، دېڭىز يۈزىدىن 278 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇرپان ئويمانلىقى جايلاشقان بولۇپ، بۇ جاي ئاسىيا قىتئەسىدىكى ئەڭ چوڭقۇر جاي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەرلەردىكى سۇ ئوغۇرلۇش ئىشلىرى زېمىننىڭ ئاستىدىن ئاقىدىغان،

كارىز دەپ ئاتىلىدىغان سۇ توربىلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تارىم ئويمانلىقى قۇرغاقچىلىق رايون بولۇپ، ئۇنىڭدا يامغۇر ئىنتايىن ئاز ياغىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ يىللىق نورمال يېغىن مىقدارى ئاران 70 مىللىمېتىرگە يېتىدۇ.

⑤ جوڭغارىيە ئويمانلىقى.

جوڭغارىيە ئويمانلىقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 600 قەدەمدىن 1500 قەدەمگىچىلىك كۆتۈرۈلگەن.

جوڭغارىيە ئويمانلىقىدىن ئىلى دەرياسى، ماناس دەرياسى، چىلىك دەرياسى، كور دەرياسى، ۋە بورتالا دەرياسى ئاقىدۇ. ئەمما ئېرتىش دەرياسى بولسا، ئۇ ئالتاينىڭ جەنۇبىدىن كېلىپ شىمالىي موز دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ.

تارىم ئويمانلىقى گەرچە سەھرا بولسىمۇ ئۇ ئۆزىدىكى ئورمانلىقلار ۋە يېشىل يايلاقلار بىلەن مەشھۇردۇر. يېغىن مىقدارى جەنۇبقا نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ، چۈنكى بۇ رايوننىڭ يىللىق نورمال يېغىن مىقدارى 200 — 300 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادى بايلىقلىرى

شەرقىي تۈركىستان ئۆز زېمىنىدىكى يوشۇرۇنغان يەر ئاستى بايلىقلىرى بىلەن ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ باي دۆلەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىدىغان مەدەنلەرنىڭ تۈرلىرى 121 خىلغا — يېتىدۇ ②. بۇلاردىن يەتتە خىلىنى ئىشلەپ چىقىرىشتا شەرقىي تۈركىستان جوڭگو بويىچە بىرىنچىلىكنى ئىگىلەيدۇ. تاشكۆمۈرنىڭ مىقدارى تەخمىنەن 212 مىليارت توننىغا يېتىدۇ ③. تارىم ۋە جوڭغارىيە ئويمانلىقلىرىدىكى يەر ئاستىدا ساقلىنىۋاتقان نېفىت بايلىقىنىڭ مىقدارى ئوتتۇرا شەرقتىن قالسا دۇنيادا ئەڭ چوڭ ئىككىنچى يەر ئاستى بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يىللىق ئىشلەپ چىقىرىلىش مىقدارى بەش مىليون توننىغا يېتىدۇ ④. تۆمۈرنىڭ خام — ئەشيا مىقدارى تەخمىنەن 250 توننىغا يېتىدۇ ⑤. جوڭغارىيە ئويمانلىقىدىن كۆمۈر ۋە تۇڭستېن چىقىرىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش كرۇچاردىن مىس،

قەشقەر بىلەن غۇلجىدىن قوغۇشۇن، سىنك ۋە كۈمۈش چىقىدۇ. ئەمما ئالتۇن ئالتاي ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرىدا 56 كاندىن چىقىرىلىدۇ (6). ئۇراننىڭ يەر ئاستىدا ساقلىنىۋاتقان مىقدارى 12 تىلىيون توننىغا يېتىدۇ (7). تۇزنىڭ يىللىق ئىشلەپ چىقىرىلىش مىقدارى 450 مىڭ توننىغا يېتىدۇ. بۇ جايدا ساقلى-نىۋاتقان تۇزنىڭ كۆلىمى پۈتۈن ئالەمنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن مىڭ يىل يېتىدۇ (8).

ئەمما زىرائەت مەھسۇلاتلىرىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندا ئۆزىدىن چىقىدىغان ھەر-تۈرلۈك مېۋىلەر، ئۇتىياسىلار ۋە ئاشلىقلار بىلەن مەشھۇردۇر. يەنە بۇ رايوندا، زەيتۇن، كونجۇت، قوناق ۋە گازىر قاتارلىقلارمۇ يېتىشتۈرۈلىدۇ.

بۇغداي بىلەن گۈرۈچ بۇ جايدىكى زىرائەت مەھسۇلاتىنىڭ ئەڭ ئاساس-لىقلىرىدۇر. 1986-يىلى بۇغداي بىلەن گۈرۈچنىڭ بىر يىللىق مەھسۇلاتى 5,477 100 توننىغا يەتكەن (9). شۇنىڭدەك شېكەر قومۇچنىڭ مەھسۇ-لاتىمۇ 1983-يىلى ئون مىليون توننىغا يەتكەن (10). پاختا بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادى كىرىمىنىڭ ئەڭ ئاساسلىقىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ يىللىق مەھسۇلى 1983-يىلى 187 800 توننىغا يەتكەن (11). ئەمما بۇ رايوننىڭ چارۋا بايلىقى قوي، كالا، ئات ۋە تۆگىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى 1983-يىلى 30 240 000 گە يەتكەن (12). بۇ رايوندىكى چارۋىلارنىڭ تۈرلىرى ئەخمىنەن 44 خىلغا يېتىدۇ (13).

# ئىككىنچى باب

## «شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئىگىلىرى بولغان خەلقلەردۇر»

ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ باشقىسىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىۋاتقان، كۆپلىگەن ئىسلام تەتقىقاتچىلىرى، يات ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىستىبدادى ھۆكۈمرانلىقلىرى ئاستىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمان خەلقلەر ۋە جامائەتلەرنىڭ شۇ دۆلەتلەردە تۇرۇشلىرىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنى ئايرىماستىن، ئۇلارغا ئازسانلىق سۈپىتىنى قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەسلىدە ئازسانلىق سۈپىتىنى، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشتىكى توغرا ئۆلچىمى بويىچە قوللانسا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالاھىدە پايدىسى بولغان بولاتتى، ھەمدە ئۇمۇميۈزلۈك ئىسلامى ۋە دۇنياۋى كۆز قاراشتا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان خاتا چۈشەنچىلەر ئىسلاھ قىلىنغان بولاتتى.

سان جەھەتتە ۋە نوپۇز جەھەتتە ئۆزلىرىدىن كۆپ ھەم يۇقىرى بولغان ھۆكۈمران خەلق ياكى سۇلالەلەرنىڭ ئاستىدا ياشاۋاتقان، دىنى، ياكى ئىرقى ياكى ئىجتىمائىي ياكى مەدەنىي تەرەپلەردىن ئايرىلىپ تۇرغاچقا، كىچىك بىر جامائەت ياكى ئازسانلىق خەلقلەر دېگەن سۈپەتنى ئالغان، ئازسانلىق خەلقلەرگە قوللىنىلىدىغان بۇ ئازسانلىق سۈپىتىنى، مۇشۇ مەناسى بىلەن، ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيە ۋە بەزى ئاپرىقا دۆلەتلىرىدە ياشايدىغان مۇسۇلمان خەلقلەر ئۈچۈن قوللىنىش مۇمكىندۇر. چۈنكى ئۇلار ئەسلىدە شۇ زېمىنلاردا ئۆسكەن ياكى باشقا جايلاردىن كېلىپ يەرلىشىپ قالغان خەلقلەردۇر. ئەمما ھىندىستاندىكى كەشمىردە، تايلاندتىكى پاتانىدا فىلىپپىندىكى مورو ئارىلىدا، ئىسيوپىيەدىكى ئېرىترىيەدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى غەربىي تۈركىستان، ئەزەربەيجان ۋە كاۋكازنىڭ شىمالىدا

ۋە جۇڭگودىكى شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان مۇسۇلمان خەلقلەرگە ئازسانلىق ئىسمىنى قوللىنىش ئىنتايىن چوڭ خاتالىقتۇر. ھەتتاكى، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سان جەھەتتە ئۇلاردىن كۆپ بولغان خەلقلەرگە نىسبەتەن ئۇلارنى ئازسانلىق خەلقلەر دەپ پەرز قىلىشىمىز ئوپ-ئوچۇق ئېغىر خاتالىقتۇر. بۇنىڭدىكى مەسىلە ئۈچتۇر:

بىرىنچىسى: ئاشۇ مەھكۇم دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمان خەلقلەر، زېمىنىنىڭ چەكلىك يەرمەيدانىدا ياشاپ كەلگەن، مۇستەقىل تارىخ ۋە ئايرىم مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان ۋە چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئەسكىرى ئىستىلاسى تۈپەيلىدىن ئۆز مۇستەقىللىقلىرىنى يوقىتىشتا ۋە غەيرى مۇسۇلمانلارغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغان مۇسۇلمان خەلقلەردۇر.

ئىككىنچىسى: ئۇلارنىڭ مەلۇم زېمىنغا ئۆز خوجايىنلىقىنى تىكلەش ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ كەلگەن ئاشۇ مۇسۇلمان خەلقلەر، ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردىكى نوپۇس سانىنىڭ كۆپلۈكىنى تەشكىل قىلىپ كەلمەكتە. ئۇ جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى ئازكۆرسىتىشتىكى سىياسى ئۆزگىرىش بولسا، ئۇ يەقەت شۇ جايلارغا مۇستەبىت ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۆز ئادەملىرىنى يەرلەشتۈرۈشلىرى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇسۇللىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن يۈز بەرگەندۇر.

دېمەك، يەرلىك خەلقلەر بىلەن كۆچمەن خەلقلەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرقىنى ئايرىماسلىق ۋە ئاتالغۇغا دىققەت قىلماسلىق، مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىگە ئازسانلىق سۆزىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىش ئىنتايىن خاتادۇر. بۇنىڭ ھەقىقەتكە ئويغۇن كەلمەسلىكى ئوچۇق تۇرسۇن، بەلكى بۇنداق قوللىنىش، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىستىلاسى تۈپەيلىدىن ئۆز ئەركىنلىكلىرىنى يوقاتقان، ئاشۇ مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ ھاياتىغا ۋە ئىستىقبالىغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقتۇر.

ئازسانلىق سۆزىنى خاتا قوللىنىشنىڭ نەتىجىسىدىن تۆۋەندىكى زەرەرلەر كېلىپ چىقىدۇ:

١- ئاسارەتتىكى مۇسۇلمان خەلقلەرنى ئازسانلىق دېگەن سۆز بىلەن ئاتاش ئۇ خەلقلەرنى، ئۇلارنىڭ ۋەتەن پەرۋەرلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھۇجۇمى بىلەن دەپسەندە قىلىنغان

ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئىستىقلالىنى تەلەپ قىلىشتىكى قانۇنى ھوقۇقىنى
يوقىتالمايدۇ .

2 — ھۆررىيىتى تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان مۇسۇلمان خەلقلەرنى ئاز-
سانلىق سۆزى بىلەن ئاتاش ، ئۇلارنى ، تارىخى خۇسۇسىيىتى ۋە مەدەنىيەت جۇغراپىيە
پىكرىسى بىلەن ھېچ ئالاقىسى بولمىغان ، ئۆزلىرى بىر تەنھا شەخسلەردىن تەركىب
تېپىپ ئايرىم بىر سۈپەتنى شەكىللەندۈرۈشى ئارقىلىق ، كىچىك بىر جامائەدە
تەركىۋى ھاسىل قىلغان خەلقلەر ، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ تارتىۋېلىنىشىمۇ
ئۇلارنىڭ ياتتىن دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالغانلىقىدىن بولمىغان دەپ
سۈپەتلىگەنلىكتۇر ھەمدە تاجاۋۇزچىلارنىڭ شۇ زېمىنلارنى ئۇلارنىڭ بايلىقلىرى
بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋېلىشى ۋە ئۇ زېمىنلارنى ئۆز مەملىكەتلىرىنىڭ بىر قىسمى
دەپ داۋا قىلىشلىرىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكتۇر .

3 — ئىستىلانىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆز ئىستىقلالىنى يوقىتىپ قويغان مۇسۇلمان
خەلقلەرنى ئازسانلىق ئاتالغۇسى بىلەن ئاتاش ، مۇستەملىكىچىلەر ئۈچۈن ،
ئۇ جايدىكى مەھكۇم خەلقلەرنىڭ مىللىي بىرلىكىنى ۋە ۋەتەن پەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىنى
ئۇزۇل-كېسىل بۇزۇپ ، ئۇلارنىڭ پارچىلاپ يوقىتىشتىن ئىبارەت ۋەھشىيانە
سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىنى بەرگەنلىكتۇر . چۈنكى ھاكىمىيەت
سىستېمى ئۇلارغا ، خۇددى كىچىك بىر جامائەت تەركىبىدىكى شەخسلەرگە قارى-
غاندەك ياكى ھاكىمىيەت سىستېمى تەرەپدارىدىكى شەخسلەر بىلەن مۇئامىلىتتە
باراۋەر بولۇشتىن ئىبارەت بىرلا ئەسلى بولغان كۆچمەنلەرگە قارىغاندەك
ياكى شۇ زېمىندا يەرلىشىپ قالغان ئازسانلىقلار ۋە كۆچمەنلەر بىلەن مۇئامىلە
قىلىشقاندەك قارايدۇ . مەسىلەن : جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئازسانلىق
سىياسىتىنى ، روسىيەدە يارىتىلغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ سەۋەبى بىلەن جۇڭگوغا
ئىلتىجا قىلىپ كەلگەن رۇس كۆچمەنلىرىگە قوللىنىدۇ . يەنە شۇنىڭ بىلەن
بىرلا ۋاقىتتا ، ئازسانلىق سىياسىتىنى مۇشۇ مەنا بىلەن ، ئۇلار ئازسانلىق
سانىلىدۇ دەپ قارايدىغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقلەرگە ھەم
قوللىنىدۇ . ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئىككى سىنىپ كىشىلىرىنىڭ ھەربىرىنىڭ
بۇ جايدا تېپىلىشىدا مەلۇم سەۋەبلەر باردۇر ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ
سىياسىي قۇرۇلمىسىدا مۇئەييەن سۈپەتلەر باردۇر . بۇلارنىڭ پەرقىنى

ئەلۋەتتە ئايرىش لازىم.

## تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار بۆلەك خەلقلەرمۇ؟

## ياكى ئازسانلىقلارمۇ ؟

بۇ جايدا ۋە ئۇ يەرلەردە ئادەملەرنى ئاساسەن ئىپلىقلار ئۇچراشتۇرۇپ تۇرغان، كۆرۈپ يەتكەن تۈركىستانلىق كىشىلەر، ماتا تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنى جۇڭگودىكى ئاز-سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدا سانايدىغان بەزى ئىسلامىي ھەيئەتلەر ۋە شەخ-سلەرنىڭ ئازارى ئىكەنلىكلىرى ۋە بۇنىڭغا ئەپسۇسلىنىدىغانلىقلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى تۈركىستان خەلقىنىڭ مەسىلىسىگە خۇددى جۇڭگولۇق ئاز-سانلىق مۇسۇلمانلارغا قارىغاندەك قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە تۈركىستانلىق مۇ-سۇلمانلارنىڭ شارائىتى جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلارنىڭ شارائىتىدىن ئەلۋەتتە پەرقلىنىدۇ.

تۈركىستانلىقلار مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگو ھۆكۈمىتى تۈركىستانلىق مۇسۇلمان-لارغا، "بىزلەرمۇ جۇڭگودىكى ئازسانلىق خۇيزۇ مۇسۇلمانلىرى ۋە ئۇلارنى باشقا ئازسانلىقلار بىلەن ئوخشاشلا ئازسانلىق مىللەت ئىكەنسىز" دېگەننى ۋە ھەمىشە تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئازسانلىق سۆزىنى پايدىلانماقتا. ئۇلار مۇشۇ پىكرىنى تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا تارقىتىش ئۈچۈن بارلىق تەلىم ۋە سىياسەتلىرى ۋە رادىئو، تېلېۋىزىيە ۋە سىياسەتلىرىنى ھەدەپ ئىشقا سال-ماقتا. جۇڭگو ھۆكۈمىتى تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام ئەللىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى، خۇيزۇلار ئەمەلىيەتتە ئىگەللەيدىغان بېيجىڭدىكى ئىسلام جەمئىيىتىگىلا تاپشۇرۇپتى».

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگو ھۆكۈمىتى، "شەرقىي تۈركىستان جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر. تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار بۇ جايدا ئازسانلىق مىللەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگودىكى باشقا ئىرقىي ۋە دىنىي جامائەتلەرگە ئوخشاش ئۆز ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن

شۇغۇللىنىش ھوقۇقى بار" دېگەن داۋاسى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا
سېلىنغان خەنزۇ بۇددىستلىرىنى يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن يېتەكلىدى».

تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنى ئازسانلىق مىللەت دەپ ئاتىشىغا قەتئىي رازى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنى بەرۋەرلىكىنى ۋە مىللىي ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىدىن، ئۇلارنى جۇڭگودىكى ئازسانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدا ساناشنىڭ ئورنىغا، شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمان خەلقلەر دەپ ئاتاشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىش، بىرىنچىدىن ئىسلامىي زۆرۈرىيەت بولسا، ئىككىنچىدىن ھەقىقەت ۋە ئادالەتكە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئىنسانىي مەجبۇرىيەتتۇر.

تۆۋەندىكى ھەقىقەتلەردىن ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكى تېخىمۇ ئوچۇقلىشىدۇ:

1- جۇڭگودىكى ھازىر شىنجاڭ ياكى سىنكياڭ دەپ ئاتىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان غەربىي تۈركىستان بىلەن بىرلىكتە بۈيۈك تۈركىستان دەپ ئاتالغان، تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بەزى يازغۇچىلار ئىسلامىي ئىسىملارغا تەرىپ بېرىشتە، ياۋروپالىقلارنىڭ ۋە باشقا چەتئەللىكلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىغا مۇراجىئەت قىلسا، بىز ئەڭ ياخشىسى بۇ مەسىلىگە ئىسلامنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ھالدا، بۇ توغرىدىكى ئىسلامىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئىسلامىي مەسىلەلەرنى ئوتتۇرىدىن ھەل قىلىمىز.

بۇ ھەقتىكى ئەڭ ياخشى كىتاب مىلادىنىڭ 1229-يىلى ۋاپات بولغان ياقۇت ئەلھەمەۋىنىڭ «معجم البلدان» (شەھەرلەرنىڭ كۆرسەتكۈچىسى) كىتابىدۇر. ئۇ تۈركىستان توغرىسىدا بەرگەن تەرىپىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ (يەنى تۈركىستان)، تۈرلۈك شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى جۇغلايدىغان ئىسمىدۇر. تۈرك شەھەرلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى توققۇز-ئوغۇز شەھىرىدۇر. ئۇلار بىلەن جۇڭگو، تىبەت، قارلۇق، كىماك، غەززە، بىجەنەك، بەزكەش، ئەزكەش، خەفشاق ۋە قىرغىز شەھەرلىرى

چېگرالىنىدۇ» (14) .

ئەبۇلفىدا دەپ تونۇلغان ئىمادۇددىن ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئۆزىنىڭ «تەقۋىيم ئۇل-بۇلدان» (شەھەرلەرنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى) دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «قەشقەر - تۈركىستاننىڭ مەركىزىدۇر، ئۇنىڭ ئاھالىسى مۇسۇلمان خەلقلەردۇر» (15) .

بۇ ئىككى كىتاب، ئىدرىسى، ياقۇبى، ئىبنى فەقىيھ، مەسئۇدى ۋە باشقىلارنىڭ تونۇلغان ئىسلام ۋە ئەرەب تارىخ، جۇغراپىيە كىتابلىرى ئۈچۈن نەمۇنىدۇر. بۇ كىتابلارنى ئوقۇشتىن تۆۋەندىكى ئىككى مۇھىم سۆبۈت ئەكىتىلىنىدۇ:

ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەر ياشايدىغان زېمىنلار، گەرچە چوڭگۇ ۋە سوۋېت ئىشغالىيتى تەرىپىدىن سىياسىي جەھەتلەر ئۈچۈن، ئوخشىمىغان ئىسىملار بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، ئۇ زېمىنلار ئىسلام تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى تۈركىستان دەپ ئاتالغان شەھەرلەرنىڭ ئۆزىدۇر.

ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، تۈركىستان دەپ ئاتالغان شۇ زېمىنلارنىڭ ئاھا-لىسى، ئىسلام مەدەنىيىتى، تارىخىدا ئۆچمەس دەۋرلەرنى ئوينىغان ۋە پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيىتىگە قىممەتلىك تۆھپىلەرنى ياراتقان تۈرك مۇ-سۇلمانلىرىدۇر. گەرچە ئۇلارنى ھازىرقى شارائىتلارنىڭ ياماللىقى، ئۇلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا ھەسسە قوشۇشىنى ۋاقىتنچە توسۇپ قويغان بولسىمۇ، ئۇلار ئىسلام مىللىتىنىڭ ھازىرقى ۋە ئۆتمۈشتىكى قۇرۇلۇشىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان خەلقلەردۇر. ئۇلار ئىسلام مىللىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

# ئۈچىنچى باب

## شەرقىي تۈركىستان - تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى

تارىخچىلارنىڭ خۇلاسىلىرى، ئالتاي رايونى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ

شەرقىدىكى جايلار ئاتالغان تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى ۋە كلاسسىك چىققان تۇرنى، ئۇلارنىڭ باشقا جايلارغا تارقىلىشى، شۇ جايدىن باشلانغان دېگەن ھەققانىيە جۇغلىنىشتا يېقىنلىشىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى، تاش دەۋرىدىكى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ، مىلادىدىن 12000 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىدىن 8000 يىل بۇرۇنقى چاققىچە تارىم دەرياسىنىڭ ئەتراپلىرىدا ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەنگلىيە، گېرمانىيە، شۋېتسىيە، فرانسىيە، روسسىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن تەركىب تاپقان، غەرب ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى تەرىپىدىن تولغا چۈشۈرۈلگەن ئاسارلار، شەرقىي تۈركىستان- نىڭ، مىلادىدىن 9000 يىل بۇرۇنلا قەدىمكى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئەكتىلەيدۇ. گېرمانىيەلىك شەرق- شۇناس ئالىم لى كوك ھازىرقى تۇرپانغا يېقىن بولغان قاراخوجە شەھىرى- دىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئەجەپلىنەرلىك باھادا بىر كىتاب يېزىپ چىققان (16). ياۋروپالىق شەرقشۇناس ئالىملار شەرقىي تۈركىستان- نىڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخى ھەققىدە ھازىرقى كۈنگە قەدەر تەممەتلىك كىتابلارنى يېزىپ كەلمەكتە.

ھازىر چىققان تەقالىرى:

① غەربىي گېرمانىيەدىن Sprach wissens chatlliche Ergebnisseder Deutschen Turfan - farschung. (گېرمانچە).

② شۋېتسىيەدىن Reports from Dr Sven Hedin Sino Swedish Expedition (ئىنگلىزچە).

قەدىمكى تۈركلەر ئۆزلىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان يېشىللىقلىق ۋە سۇلۇق جايلارنى ئىزدەپ كۆچمەنلىك ھاياتىدا ياشىغان ئىدى. ئۇلار ياشىغان شەھەرلەرنىڭ شارائىتىگە بىنائەن، ئۇلارنىڭ بىر قانچىلىغان كىچىك دۆ- لەتلىرى ۋە كىچىك خوجىلىقلىرى بارلىققا كەلگەن. ھەتتا قەدىمكى تارىخ ماتېرىياللىرى شەرقىي تۈركىستاندا بىرلا ۋاقىتتا 26 دىن ئارتۇق مەم- لىكەتنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تۈركى خوجىلىقلار ۋە قەبىلىلەر مىلادىدىن تەخمىنەن 1300 يىل

بۇرۇن ئەسكىز دەپ ئاتالغان دۆلەتنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا
بىرلەشكەن. بۇ دۆلەت، ئۇلۇغ پارس شائىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ
«شاھنامە» دېگەن ئەسىرىنىڭ «تۇران قاغانى ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ
ئىران پادىشاھى كەيخىسراۋ بىلەن ئېلىپ بارغان بىرىنچى قۇرۇلۇش ئۇ-
رۇشلىرى» دېگەن بابىدا، تىلغا ئېلىنغان ئىمپېراتور ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ
ۋاقتىدا كامالغا يەتكەن (17).

پارس تارىخ ماتېرىياللىرىدا «ساكا» دەپ تونۇلغان بۇ بۈيۈك دۆلەت،
مىلادىدىن 329-يىل بۇرۇن ئىسكەندەر مەقدۇنى تۈركىستانغا تاجاۋۇز
قىلغان چاغدا پارچىلىنىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكى ئۈچ دۆلەت
شەكىللەندى.

1- تۈركىستاننىڭ غەربىدە يۇنان بەختىيارىيە دۆلىتى.
2- تۈركىستاننىڭ شىمالىدا ئۇيسۇن دۆلىتى.
3- تۈركىستاننىڭ شەرقىدە ھون دۆلىتى.

ھون دۆلىتى تۈركىستاندىكى مىلادىدىن بۇرۇن تونۇلغان تۈرك دۆلەت-
لىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك ھەم قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى.
كۆپلىگەن تۈرك تارىخچىلىرىنىڭ، تۈرك تارىخىنى مۇشۇ دۆلەتنىڭ تونۇلغان
ۋاقتىدىن باشلايدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ھەقىقەتەن، قەدىمكى تۈركلەر
ھەققىدىكى تارىخ ماتېرىياللىرى، شۇ زاماندا ئۇرۇق ۋە تولۇق بولۇپ
ئاشكارىلىندۇ. جۇڭگولۇقلار بۇ دۆلەتنى ھيۇڭ-نۇ ياكى ھيسيۇڭ-
نۇ دەپ ئاتىشىدۇ. مانا بۇ ئاتالغۇ تۈركچىدىكى «قويۇنلۇ» يەنى
پادىچى دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان سۆز ئەرىكۆندۇر.
ئەمما يۇنان ۋە پارس تارىخ ماتېرىياللىرىدا كەلگەن «ھون» سۆزى،
«تويۇن» يەنى (تۇيلار) سۆزىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان (18)
جۇڭگو تارىخ ماتېرىياللىرى، ھون قەبىلىلىرىنىڭ مىلادىدىن 2000 يىل
بۇرۇنلا باشلانغان ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەسلەپكى
مەلۇماتلار بىلەن بىزنى تەمىنلەيدۇ. بۇ مەلۇماتلار مىلادىدىن بۇرۇنقى
3-ئەسىرگە كەلگەندە تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ ۋە تولۇقلىنىشىدۇ. مىلادىدىن
230 يىل بۇرۇن ھونلارنىڭ جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىش ئەھدىتلىرى تېخىمۇ

قاتتىقلىشىشقا باشلىغاندا، چىن سۇلالىسىنىڭ ئىمپېراتورى شى خۇاڭتى ئۇلارنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن «سەددىچىن» سېپىلىنى سالدۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. يەنە شۇنداق خۇن ئىمپېراتورى مەتەخان ميلادىدىن 200 يىل بۇرۇن جۇڭگولۇقلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ سەلتەنىتىنى موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىدىن باشلاپ قەزۋىن دېڭىزىغىچە كېڭەيتىدۇ (19).

مەتەخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن شىمالى. ئۇسۇن قەبىلىلىرى خۇن ئىمپېرىيىسىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتىدۇ ۋە جۇڭگو خانى ۋۇدى خۇن ئىمپېرىيىسىدىن مۇستەقىل بولىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگولۇقلار ميلادىدىن 101 يىل بۇرۇن تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ، پەرغانە شەھىرىگە قەدەر كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇنلارنىڭ مەملىكىتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1- جەنۇبىي خۇن دۆلىتى.

بۇ دۆلەت ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋە گەنسۇ، نىڭشا ئۆلكىلىرىدىكى غوبى سەھراسىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي تەرەپلىرىگە جايلاشقان. بۇ رايونلارنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى تۈركلەردىن ئىدى، ھازىرمۇ بۇ رايونلاردا بەزى تۈرك قەبىلىلىرى ياشاپ كەلمەكتە.

2- شىمالى خۇن دۆلىتى.

بۇ دۆلەت شەرقىي تۈركىستان ۋە غەربىي تۈركىستاننىڭ بەزى قىسىملىرىغا مەنسۇپ بولغان غوبى سەھراسىنىڭ شىمالى ۋە غەربىگە جايلاشقان. ميلادىنىڭ 3- ئەسىرگە كەلگەندە خۇنلارنىڭ دەۋرى ئاياقلاشتى ۋە شۇندىن كېيىن، تارىخ سەھىپىلىرىگە تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ نەزەرلىرى ئاشكارا بولۇشقا باشلىدى.

ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1) كۇشان دۆلىتى (ميلادىنىڭ 25- يىلىدىن 425- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)
2) سىيانپىلار دۆلىتى (216 — 394).
3) تاۋغاچلار دۆلىتى (387 — 534).
4) ئاۋارلار دۆلىتى (392 — 552).

5) جو دۆلىتى (304 — 581).
6) ھەيتەل دۆلىتى (424 — 567).

# كۆك تورك دۆلىتى

تورك تىلىدا سۆزلىشىدىغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئورخۇن تورك ئىسمىنى ئەلەم قىلىپ كۆتۈرىدىغان بۇ دۆلەت، مىلادىنىڭ 546-يىلى بۇمىن خاننىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئالتاينىڭ جەنۇبىدا قۇرۇلدى. ئاندىن كېيىن مىلادى 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇمىن خاننىڭ ئوغلى موقانخان تىنىمسىز تورك خانلىقلىرىنى بىرلەشتۈرۈشى كاتتىلىقتا ئەڭ كاسالىغا يەتكەن بىر مەملىكەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ دۆلەتنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى چوڭلۇقى، شەرقتە ياپون دېڭىزىدىن، غەربتە قارادېڭىز ۋە قەزۋىن دېڭىزىغىچىلىك، شىمالدا سىبىرىيەنىڭ يىراق چەتلىرىدىن، جەنۇبتا ئىران، ھىندىستان ۋە جۇڭگوغىچىلىك سوزۇلغانىدى. بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى ئۆتۈكەن شەھىرى بولۇپ، ئۆتۈكەن شەھىرى ئورخۇن ۋە سېلىنگا دەريالىرىنىڭ ئارىسىدىكى بىر ۋادىدا ئىدى.

مىلادىنىڭ 578-يىلى تاتارخان جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىپ بېيجىڭ شەھىرىنى ئالغان. مىلادىنىڭ 615-يىلى جۇڭگو خانى ياڭ زىي شەنشى ئۆلكىسىدىكى ئۆزىنىڭ پايتەختى لوياڭ شەھىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، توركلەر شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋالىيسى لىيۇان تاڭ دېگەن ئادەمنى جۇڭگوغا ئىمپېراتور قىلىپ تەيىنلىدى. كېيىن كۆك تورك دۆلىتىنىڭ قوشۇنلىرى ساسانىلار دۆلىتىنىڭ ئىمپېراتورى ئەنۇشىرۋاننىڭ ۋاقتىدا پەنجاب رايونىنى ۋە ئافغانىستاننىڭ شىمالى قىسمىنى بېسىۋالدى.

كۆك تورك دۆلىتى رومان ئىمپېرىيىسى بىلەن دىپلوماتىك تىجارى ۋە سىياسى ئالاقىلارنى باغلىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن رومان ئىمپېراتورى يۇستىنيان II ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق سوغدى ئەمىرى مانياك كۆك توركنى كۈتۈۋالدى ۋە ئىستەمىخان يابغۇ ئۆزىنىڭ پايتەختى تالاس

دھازىرقى تاراز) شەھىرىدە رومانىيە ئەلچىسى زەمارخوسنى كۈتۈۋالدى.

كېيىن بۇ دۆلەت ئۆز ئىچىدىن چىققان قالايمىقانچىلىق ۋە ئىچكى زىد-دىيەتلەر تۈپەيلىدىن پارچىلىنىپ، شەرقىي ۋە غەربىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتكە بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ چاغدا بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئارىسىدىكى تالاش-تارتىشلارنى پايدىلىنىپ، بۇلارنىڭ بىرىنى بىرىگە قۇترىتىپ، ئۇلارنى ئۇرۇشقا سېلىشتا جۇڭگو مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان جۇڭگو ۋەتىنىنىڭ ئىستىلاسىغا ئۇچرىدى ۋە ئۇنىڭ بىر قىسمىدا بەزى تۈرك دۆلەتلىرى شەكىللىنىشكە باشلىدى.

بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىقلىرى؛

1) قۇتلۇقلار دۆلىتى (639 — 744)

بۇ دۆلەت، موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىدىكى ئوتۇكەن شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ئەسلىدىكى كۆك تۈرك دۆلىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. مىلادىنىڭ 698-يىلى جۇڭگولۇقلار مەجبۇر دەپ ئاتىشىدىغان تاباغاچان جۇڭگونىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملىرىنى ئۆز مەملىكىتىگە قوشۇۋالدى.

2) تۈرگىش دۆلىتى (657 — 737)

بۇ دۆلەت، غەربىي كۆك تۈرك دۆلىتى زاۋال تاپقاندىن كېيىن، تۈركىستان-نىڭ شىمالى ۋە غەربىي قىسمىدا بارلىققا كەلدى. جۇڭگو، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىنى بېسىۋېلىشتا، كۆك تۈرك دۆلىتىنىڭ پارچىلان-غانلىقىدىن، خۇسۇسەن تىبەتنىڭ، جەنۇبىي رايونلارنى بېسىۋالغانلىقىدىن چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندى. جۇڭگو قوماندانى گاۋشەنزى، تۈركىستاننىڭ باشقا رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى ئويلاپ، قەشقەرنى ھەربى رايون قىلىپ تۇتۇپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ مىلادىنىڭ 747-يىلى سوياب شەھىرىنى، ئاندىن كېيىن 749-يىلى تاشكەنتنى بېسىۋالدى.

تۈركلەر ئۆزلىرىگە زەيياد بىنى سالىھ ئەلخەزائىي ئەرەبدىن، تۈرك، ئەرەب-تىن تەشكىل تاپقان يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندان قىلىپ ئەۋەتكەن ئەبۇ مۇسلىم خوراسانى بىلەن بىرلىكتە ئەسكەر تارتتى. مىلادىنىڭ 751-يىلى ئىيولدا، تالاس شەھىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان شىددەتلىك

ئۇرۇشتا ئەرەپلەرنىڭ ياردىمى بىلەن كۈچ تاپقان ئۇلۇغ تۈرك قوشۇنلىرى جوڭگونى ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. گاۋشيەنجى ئامان قالغان بىر نەچچە مىڭ كىشىلا ئەگەشتۈرۈپ ئوتتۇرا ئاسيادىن چىقىپ كەتتى(20).

جوڭگو مىلادىنىڭ 751 - يىلى تالاس ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تاكى مىلادىنىڭ 1757 - يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە (1000 يىل) ئوتتۇرا ئاسياغا ئا- ساسەن تەسىر كۆرسىتەلمىدى.

جوڭگو قوشۇنلىرىغا بېرىلگەن بۇ قاقشاتقۇچ زەربە، تۈركىستاندا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ھازىرقى كۈنگە قەدەر باشلامچى رول ئوينىشىدا ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

جوڭگو (تاڭ سۇلالىسى) مەغلۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسيا (تۈر- كىستان) دىكى تەسىرى سۇنۇپ تاشلانغاندىن كېيىن ۋە تىبەت قوشۇنلىرىنى جەنۇپ تەرەپتىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، تۈركىستاندا ئىككى چوڭ دۆلەت بارلىققا كەلدى.

بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1) ئۇيغۇر - ئورخۇن دۆلىتى (616 — 1260)

ئورخۇن دەرياسى بويلىرىغا ماكانلاشقان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قارا- بالاساغۇننى ئۆزلىرىگە مەركەز قىلغانىدى. بۇ قەبىلىلەر مىلادىدىن — 2850 يىل بۇرۇنقى چاغدىن باشلاپ، تۈركىستاننىڭ شىمالى ۋە شەرقى رايونلىرىغا كەڭ تارالغانىدى.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قان قېرىندىشى بولغان ھون ئىمپېرىيىسى ۋە كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىدا ناھايىتى مۇھىم ئىجابىي روللارنى ئوينىغانىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ خانى سۈگۈن شىنىڭ (616 — 629) نىڭ ۋاقتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي دەۋرى رەسمىي رەۋىشتە پارلاشقا باشلىغان. ئۇلار مىلادىنىڭ 712 - يىلى بىلەن 839 - يىللىرى ئارىسىدا كۈچلۈك بىر دۆلەت تەرەققىياتى ئالغان بولسىمۇ، موڭغۇلىيەدىكى يەنىسەي دەرياسى ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشقان قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى بىلەن ۋەيران بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىغا

قوشۇلۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچى ۋە تۇرپان رايونلىرىغا كۆچۈپ كېلىشتى. بۇ يەردە مىلادىنىڭ 840 - يىلى بىلەن 1260 - يىللىرى ئارىسىدا قاراخوجىنى مەركەز قىلغان يېڭى ئۇيغۇر دۆلىتىنى تەشكىل قىلدى. ئۇلارنىڭ سىرتقى ئۇيغۇرلار دەپ تونۇلغانلىرى كەڭسۇ (گەنسۇ) رايونىدا يەرلەشتى.

ئەرەپ تارىخچىلىرى ۋە جۇغراپىيە ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىگە، خۇسۇسەن ئۇيغۇرلارغا توققۇز ئوغۇز ئىسمىنى قوللىنىدۇ. ئۇلار ھەققىدە، ئەرەپ تارىخ ماتېرىياللىرىدا بېرىلگەن مەلۇماتلار پەقەت ئاز قىسمى ئىدى. ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئەڭ ئەھمىيەتلىك مە- لۇماتلار، مەسئۇدى ۋە ئەدىمىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرى بولۇشى مۇمكىن (21) مىلادىنىڭ 760 - يىلى بىلەن 800 - يىللىرى ئارىسىدا تەمىم بىننى بەھرى نىڭ تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر شەھەرلىرىگە قىلغان ساياھىتى، ئەرەپلەرنىڭ ئۇ رايونغا بىرىنچى قېتىملىق قىلغان ساياھىتى ئىدى. ياقۇت ئەلھەمەۋى، ئىبنى ئەلفەقىھ، خەردازىبە ۋە باشقىلار، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ شە- ھەرلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىنى شۇ ئادەمدىن ئالغانىدى.

تەمىم بىننى بەھرى مۇنداق دەيدۇ: «توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خاقانى جۇڭگو خانىغا كۈيئوغۇل ئىدى. جۇڭگو خانى ئۇلارغا ھەر يىلى بەش يۈز مىڭ قىرەند تۆلەيتتى» (22).

مەسئۇدى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۈرۈمچى ۋە قاراخوجىنىڭ خانى ئۆزىنىڭ دىنى قېرىنداشلىرى بولغان مانىلارنى جۇڭگو خانىدىن تىلتۇلىپ، ئۇلارنى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئالدى» (23).

رۇسىيەلىك شەرقشۇناس ئالىم بارتولد ئۇنى مۇنداق دەپ ئىزاھلايدۇ: «جۇڭگودا بۇددا دىنىدىن باشقا دىنلارنىڭ تارىلىپ كېتىشىنى چەك- لىمىگەن جۇڭگو خانى، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ جۇڭگودىكى مانىلارغا بولغان ھىمايىسىنى ھىساپقا ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇيغۇر دۆلىتى قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى بىلەن زاۋال تاپقاندىن كېيىن، ئاندىن جۇڭگولۇقلار ئۆز دۆلىتىدىكى يات دىنلارنى (مانى دىنىنىمۇ ھەم) چەكلەشكە پىششانلىدى» (24).

مۇشۇ مەزگىللەردە ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيەتلىرى تۈركىستانغا كۆچۈشكە باشلىدى

بۇ چاغدا، ئۇيغۇر تۈركلىرى ئارىسىغا مانى دىنى تارقالغانىدى. ھەمدە
شۇ ۋاقىتتا، سۈرىيەدىن كەلگەن نېستورىيان خىرىستىيانلىرى،
كۆپلىگەن تۈرك ۋە تاتار خەلقلىرىنى خىرىستىيان قىلىۋەتتى.

شۇ دەۋردە دىنى تەرجىمە ۋە ئەدەبى ئىجادىيەت ھەركەتلىرى تازا گۈللەنگەنىدى. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات پائالىيىتىنىڭ ئىجابات ۋە بەدىئىلىك تەرەپلىرىدە تۈركلەرنىڭ، خۇسۇسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ياراتقان تۆھپىلىرى ۋە بۇ سەھنىدە ئوينىغان روللىرى ئىنتايىن چوڭ بولغانىدى.

بۇ ئىجادىيەتلەر ھازىرقى كۈنگە قەدەر پۈتۈن تۈركلەرنىڭ، تۈرك ئەدەبىياتى ۋە تۈرك تارىخى دەرسلىكلىرى ئۈچۈن تۈرجىمەسى مەنبە بولۇپ كەلمەكتە.

شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلار، سوغدىيلارنىڭ، سۈرىيەدىن ئىرانغا كۆچۈپ كەلگەن نېستورىيان خىرىستىيانلىرىدىن ئالغان سوغدى ئېلىپبەسىنى ئوبدان، كامىل بىلەتتى. بۇ ئېلىپبەنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى، ئوردۇننىڭ شەرقىدىكى ئەنبات قەبىلىلىرى قوللانغان ئارامىيە ئېلىپبەسىگە قايتىدۇ. ئەرەپ يېزىقىمۇ شۇنىڭدىن تەرەققى تاپقان.

مىلادىنىڭ 7 - ئەسىردە تۈركلەر قوللانغان بۇ ئېلىپبە ئۇيغۇر ئېلىپبەسى دەپ ئاتالغان. بۇ ئېلىپبەنى ئۇيغۇرلاردىن موڭغۇللار ئۆگەنگەن، كېيىن مانجۇلارمۇ ئۆگەنگەن. تۈركلەر تولۇق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرەپ ئېلىپبەسىنى قوللانغان. ئەمما موڭغۇللار بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى قوللىنىپ كەلمەكتە.

## 2) قارلۇقلار دۆلىتى ( 735 — 1260 )

بۇ دۆلەت تۈركىستاننىڭ شىمالى قىسمىدا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ دۆلەت ئالتاينىڭ غەربى، يەتتەسۇ، بالقاش كۆلى ۋە سىر دەرياسىنىڭ شەرقى قىسىملىرىنى ئۆزىگە قوشقان. تۈركلەر بۇ دۆلەتنى قۇرۇش ئارقىلىق غەربى كۆك تۈرك دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن

قارلۇقلار مىلادىنىڭ 766 - يىلى سۇيابات شەھىرىنى، 792 - يىلى بوزغانىنى بېسىۋالدى. خەلىفە ھارۇن رەشىدنىڭ ۋاقتىدا ئابباسىيە دۆلىتىگە تۈركلەرنىڭ خەتىرى كۈچىيىشكە باشلىدى. شۇ ئەزگىللەردە ئەرەبلەرنىڭ تۈركلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇشلىرى نەتىجىسىز مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، فەزلى بىننى سەھل، خۇراساننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ۋالىسى مەمۇنغا، تۈركلەر بىلەن سۈلھى تۈزۈش ھەققىدە مەسلىھەت بەردى. شۇنىڭغا بىنائەن ئەرەبلەر، قارلۇقلارنىڭ خانى ياغبۇخانغا ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ خاقانىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇ ئىككى دۆلەتنى ئىتتىپاق قىلدى ۋە ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ خوتەندە ئەللەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلىرىدا، ئەرەبلەرنىڭ ئۇلار تەرەپىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئەكىلەپ ۋەدىلەر بېرىدۇ [25]

تۈركلەر بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا تىنچلىق ئورنىتىلغاندىن كېيىن قارلۇقلار ئارىسىغا ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىدى. قارلۇقلار 880 - يىلى ئۇلۇغ قاراخانىلار دۆلىتىگە قوشۇلغانغا قەدەر، ئۇلارنىڭ دۆلىتى تۈركىستاننىڭ شىمالىدا داۋام قىلىپ كەلدى. كېيىن مىلادىنىڭ 1260 - يىلى قارلۇقلارنىڭ ئاماني ئىلچىخاننىڭ ۋاپاتى بىلەن بۇ دۆلەتنىڭ نامى ئۆچۈرۈلدى.

# ئۈچىنچى باب

## شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام

ئىسلام تارىخ ماتېرىياللىرى، ئەرەبلەرنىڭ تۈرك شەھەرلىرىدە ئېلىپ بارغان ئىسلام ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپلىرى تۈركىستاننىڭ غەربىي قىسمىدا بولغان. ئۇ ئەرەب ئىسلام ئېچىش قوشۇنلىرى بىلەن تۈرك ئەسكەرلىرى (بولارنىڭ ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىمۇ بار) ئارىسىدا يۈز بەرگەن قانلىق ئۇرۇشلار ماۋەرائۇننەھرىدە ئېلىپ بېرىلغان دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇرۇشلار مىلادىينىڭ 706-يىلى قوتلۇق قوشۇنلىرى بىلەن، 736-يىلى تۈرگىش ئەسكەرلىرى بىلەن، 792-يىلى بولسا قارلۇق كۈچلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان.

شۇنداقتىمۇ بەزى تارىخچىلار، خۇسۇسەن ئەنگلىيەلىك شەرقشۇناس ئالىم ر. جىب(26) ۋە روسىيەلىك شەرقشۇناس ئالىم بارتولد(27) 715-مىلادىدا قوتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ قەشقەرگە بارمىغانلىقىنى ئەكىتلەيدۇ. ئەمما ئەرەب تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ بۇ ۋەقەلىككە بولغان بىردەك ئىتتىپاقى ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ شۇ يىلىسى (715-يىلى) قەشقەرگە يەتكەنلىكىنى شەكسىز ئەكىتلەيدۇ. گەرچە قوتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ تۈركىستان شەھەرلىرىگە ئىسلام ئېچىپ كىرگەنلىكىنىڭ ئەپسانە-تى ھەقىقەتلىكى بەزى ئەرەب تارىخ ماتېرىياللىرى چەتكە قېقىلغان بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىماللىقى گەنسۇ دايونىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ناھايىتى ئېنىقتۇر. چۈنكى خەلىپە ۋەلىد بىننى ئابدۇ-مەلىكنىڭ ۋاپاتى 715-مىلادىغا توغرا كېلىدۇ. خەلىپە سۇلايمان بىننى ئابدۇمەلىكنىڭ، ئۆز ئىنىسى ۋەلىدگە ۋە قوتەيبە قاتارلىق باشقىلارغا غەزەپلىنىشى، ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام ئېچىش پائالىيەتلىرىنى توختىتىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوتەيبىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتى شۇ يىلى (715-يىلى) ئىدى.

مۇسۇلمان تەتقىقاتچىلىرىدىن بىرەرسى بۇ مەۋزۇدا ئىنچىكىلەپ ئىزدىنىپ، جۇڭگو، ئەرەب ۋە پارس تارىخ ماتېرىياللىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئەينى تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان بولسا، بۇ ۋەتەنلىكنىڭ ھەقىقىتى ئەلۋەتتە ئاشكارا بولغان بولاتتى.

مائۇرەئۇننەھرى شەھەرلىرىدە ئەرەب ئىسلام ھاكىمىيىتى داۋام قىلغان مەزگىللەردە، كۆپلىگەن تۈركلەرنى ئاللا ئىسلام دىنىنىڭ ھىدايىتىگە باشلىدى. ئۇلار ئىسلام ئەھكاملىرىنى تۈرك شەھەرلىرىنىڭ چەت رايونلىرىغا يەتكۈزۈشتە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى.

شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىدىن بولغان دەسلەپكى مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىلىرى، ئابباسىيە دۆلىتىنىڭ مەركىزى ئورۇنلىرىغا يەتتى.

867 - مىلادى، مىسىردا تولۇنىيە دۆلىتىنى قۇرغان ئەھمەد بىننى تولۇنمۇ شەرقىي تۈركىستانلىق توققۇز ئوغۇزلاردىن يەنى ئۇيغۇرلاردىن ئىدى (28).

ئىسلام تارىخ ماتېرىياللىرى، تۈركلەرگە ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزۈشتە ئۆچمەس تۆھپە-لەرنى ياراتقان جەلالىدىن بەغدادى قاتارلىق ئىسلام دەۋەتچىلىرىنى بايان قىلىدۇ ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

ئەبۇ نەسر سامانى شەرقىي تۈركىستانغا ئىلتىجا قىلىپ كېلىپ، قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى ئاتۇشقا ماكانلاشقان (29) ھەمدە ئۇ شۇ يەردە مەسجىد بىنا قىلغان.

ئۇلۇغ قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ شان-شەرەپلىك ئۇلۇغ خاقانى سۇتۇق بۇغراخانمۇ ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ دەۋىتى ئارقىلىق مۇسۇلمان بولغانىدى. سۇتۇق بۇغراخان 955 - مىلادى ۋاپات بولغانغا قەدەر تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئارىسىغا ئىسلام دەۋىتى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللاندى. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كاپىر-لارغا قىلغان يۈرۈشلىرىدە ئاجايىپ سېھرى كۈچلەر كۆرۈلەتتى. ھەتتا بەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە: " سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئاغزىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چىقاتتى. ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 قەدەم كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ 69 غا يەتكەن ئۆمرى ئىچىدە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا ھەمىشە قورقۇنچلۇق تاشلاپ كەلدى" دېيىلىدۇ (30).

تۈركىستان تارىخى ۋە تۈرك تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق تۈرك ئىسلام دۆلىتى

دەپ سانالغان ئۇلۇغ قاراخانىلارنىڭ دەۋرىدە . سالجۇقىلار ۋە قارلۇقلار مۇسۇلمان بولدى . دېمەك تۈركىستان ۋە تۈرك تارىخىدا بىرىنچى قېتىم دۇنياغا كەلگەن ئۇلۇغ قاراخانىلار تۈرك ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئۇلۇغ ئابدۇكېرىم سۇتۇق بۇغراخاننىڭ سەۋەبى بىلەن ئىككى يۈز مىڭ ئۆيلۈك كىشى مۇسۇلمان بولدى . شۇنىڭدەك سېيخۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئوغۇزلاردىنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن مۇسۇلمان بولدى ،

ئوغۇزلارنىڭ خانى ئۆزىنىڭ خانلىق دەۋرىسى ، غەيرى مۇسۇلمانلارغا سېلىق تۆلەپ كەلگەن ، ئىسلام شەھەرلىرىنى ئازات قىلىش بىلەن باشلىدى . گويا كى ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۇنى جىھادقا قاتنىشىشقا ئۈندىدى (31)

# ئۇلۇغ قاراخانىلار دۆلىتى

قاراخانىلار ئائىلىسى ، قارلۇق قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ ، قارلۇقلار مىلادىنىڭ 742 - يىلى قۇتلۇقلار دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتا بىرلەشكەن ئۇيغۇر ، قارلۇق ۋە باسمىل قاتارلىق ئۈچ قەبىلە بىرلىك ئىتتىپاقىنىڭ بىر قىسمى ئىدى . مىلادىنىڭ 751 - يىلى جۇڭگو قوشۇنلىرى شەرقى تۈركىستاننىڭ شىمالىدىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن ، قارلۇقلارنىڭ سىياسى نوپۇزى كۈچىيىشكە باشلىنىپ ، ئۇلار ، بىر باسقۇچتا سوزۇلۇپ ئۆتكەن قارلۇقلار دۆلىتىنى قۇرغانىدى . نوھ بىننى ئەسەد سامانى بىلەن ئۇرۇش قىلغان كۆل بىلگە قەدىرخان قارلۇقلارنىڭ ۋە قاراخانىلارنىڭ تۇنجى ھاكىمى ھېساپ - لىنىدۇ . بازىر ئارسلان خاننىڭ ئوغلى سۇتۇق بۇغرا ئۆز ئاتىسىدىن كىچىك قالغاچ ، ئۇ تاغىسى ئوغۇلچاقنىڭ قەشقەردىكى ئوردىسىدا تۇراتتى . سۇتۇق بۇغرا مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ، ئۆزى بىلەن بىرگە مۇسۇلمان بولغان دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تاغىسى ئوغۇلچاقتىن سەلتەنەتنى تارتىۋالدى ۋە قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ قاغانلىقىنى ئۆز قولىغا ئالدى (32) شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سۇتۇق بۇغراخان دەپ ئاتالدى ۋە ئۇ قەشقەرنى پايتەخت قىلىپ تۈرك تارىخىدا بىرىنچى قېتىم تۈرك ئىسلام دۆلىتىنى قۇردى .

ميلادىنىڭ 1032 - يىلى ۋاپات بولغان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ۋاقتىدا ، تۈركىستاننىڭ شەرقى ۋە غەربىدىن ئىبارەت ئىككى پارچىسى قاراخانىلار دۆلىتى ئاستىدا بىرلىككە كەلگەن . قاراخانىلار ، بۇخارا ۋە سەمەرقەندكە ئوخشاش ماۋەرائۇننەھرى شەھەرلىرىدىكى بۇرۇنقى پايتەختلەردە ، تۇرماستىن بەلكى ئۇلار يەرغاندىكى ، قەشقەرگە ئەڭ يېقىن بولغان شەھەر ئۆزكەنتتە تۇردى .

قاراخانىلار ئىسلام جەمئىيىتى دەۋرىدە ، ئەرەپ يېزىقلىرى تارقىلىش تۈرك شەھەرلىرىگە يېتىپ كەلگەن . ئەرەپ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن شەرقى تۈركىستاندا تۇنجى تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتى بارلىققا كېلىپ ، گۈللىنىشكە باشلىغان . قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ، دۆلەت ئەربابلىرى باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرىش ۋە يېڭى مۇسۇلمان بولغان كىشىلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرى ۋە ئەھكام-لىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ، ئەرەپ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بۇ شەھەردە تېخىمۇ گۈللىنىشىنى تەشەببۇس قىلدى . شۇڭا ئۇلار ، ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئورنىغا ئەرەپ ئېلىپبەسىنى قوللاندى .

ميلادىنىڭ 1102 - يىلى ۋاپات بولغان تاۋغاچ بۇغراخاننىڭ دەۋرىدە قەشقەردە تۇنجى قېتىم قۇرئاننىڭ تۈركچە مەنىسى دۇنياغا كەلدى .

ميلادىنىڭ 1070 - يىلى ئۇلۇغ ئالىم ۋە شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىسلامى ئەخلاق ۋە پەلسەپە بىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەشھۇر كىتاب — «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى يېزىپ چىقتى ۋە ئۇنى شۇ-يىلىسى قاراخانىلارنىڭ خانى ئەبۇلھەسەن تېبغاچ خانغا تەقدىم قىلدى .

شۇنىڭدەك ميلادىنىڭ 1076 - يىلى ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى تۈرك تىلىدىكى تۇنجى قامۇس «تۈركى تىللار دىۋانى» نى يېزىپ چىقتى ۋە ئۇنى باغداتتىكى ئابباسىيلار دۆلىتىنىڭ خەلىپىسى مۇقتەدىرگە تەقدىم قىلدى . ئۇنىڭدىن باشقا شۇ دەۋردە كۆپلىگەن تۈرك ئىسلام ئالىملىرى ئۆتتى . دۇنيادا ئىككىنچى مۇئەللىم دەپ تونۇلغان ئەبۇنەسر فارابى (ئۇ بالاساغۇننىڭ فاراب كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن) ، ئىسمائىل بىننى جەۋھەرى ، تارىخچى ئەبۇل پەزلى ، ئالائۇددىن مۇھەممەد خوتەنى ، ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق مەشھۇر

ئالىملارنىڭ ھەممىسى شۇ دەۋردە ئۆتكەنىدى.

قەشقەردىكى ساجىيە مەدرىسىسى شۇ دەۋردىكى ئىلىم-مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك گۈلزارلىرىدىن بىرى ئىدى.

نىزامى ئارۇز سەمەرقەندى ئۆزىنىڭ «تۆت ماقالە» ناملىق ئەسىرىدە ئون ئۈچ شائىرنىڭ خاقان ئائىلىسىنى مەدھىيەلىگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.

ئۇ مەخسۇس خىزىرخاننى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: «خىزىرخان ئىنتايىن ئىنايەتلىك، كەرەملىك، سېخى كىشىدۇر. ئۇنىڭ دەۋرىدە، شائىرلارنىڭ ئۆلگىسى دەپ ئاتالغان ئەمىق بۇخارى ۋە شائىرلارنىڭ خوجىسى دەپ ئاتالغان رەشىدى سەمەرقەندىلەر دۇنياغا كەلدى. خىزىرخاننىڭ ئاتىسى قىلىچ ئىبراھىم تاۋغاچ-بۇغراخان، ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىنى ناھايىتى بەك سۆيىدىغان مەرىپەتپەرۋەر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ نامى بىلەن بىرى كىتابلار يېزىلغان، مەسىلەن: مەجدىددىن مۇھەممەد ئەدنانىنىڭ «تۈركىستان پادىشاھلىرىنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسىرى ۋە بەھائۇددىن سەمەرقەندىنىڭ «سىندىبادنىڭ ئىنشا قىلىنىشى» ناملىق ئەسىرى قاتارلىق ئەسەرلەر تاۋغاچ بۇغراخاننىڭ نامى بىلەن يېزىلغانىدى (33).

## قاراختايلار (قىتانلار) دۆلىتى

مىلادىنىڭ 1124-يىلى تۈركىستان، موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىدا، كەلگەن قاراختاي قەبىلىلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىغا ئۇچرىدى. بۇ ۋاقىتتا قاراختايلارنىڭ «لياۋ» ئىسىملىق دۆلىتى يىقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا، تۈرك، موڭغۇل قەبىلىلىرىدە «ئالتۇنخان» دەپ تونۇلغان، موڭغۇل، تاتار سۇلالىسى دۆلىتى قۇرۇلغانىدى.

قاراختاي قەبىلىلىرى ئالتاي رايونىغا ئورۇنلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھازىرقى چۆچەك شەھىرىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئەمىل شەھىرىنى بىنا قىلدى.

قاراختاي قەبىلىلىرى مىلادىنىڭ 1136-يىلى بالاساغۇن ۋە قەشقەر شەھەرلىرىنى بېسىۋالدى. ئاندىن كېيىن تۈركىستاندىكى باشقا شەھەر ۋە

ئىشلىملارغا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. مىلادىنىڭ 1141-يىلى سەمەرقەندنىڭ توقۇان رايونىدا قاراخىتايلار خانى كورخان بىلەن سەلجۇقىلار پادىشاھى سۇلتان سەنجەرخاننىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن قانلىق ئۇرۇشتا، سەلجۇقىلار يېڭىلدى. شۇنىڭ بىلەن قاراخىتايلار سەمەرقەند ۋە بۇخارا شەھەرلىرىنى بېسىۋالدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار خارەزىم شاھلىقىغا يۈرۈش قىلىپ، مىلادىنىڭ 1142-يىلى خارەزىم شاھلىقىنى ئۇلارغا سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى.

قاراخىتايلار، قەدىمكى تۈركلەر ئېتىقاد قىلىدىغان شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچكى سىياسەتلىرى دىنىي ئەركىنلىكى بىلەن تونۇلغاچقا، ئۇلارنىڭ خانلىرى مەسجىد، جامەلارغا چېقىلمىدى. ئۇلارنىڭ دەۋرىدە «مىفتاھۇلئەدەب»نىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ سەككاكى ۋە ھەنەفى مەزھەپتىكى «ھىدايە» ناملىق فىقھى ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى بۇرھانۇددىن مەرغىنانى قاتارلىق دىنىي ئالىملار ئۆتتى. شۇنىڭدەك قارا-خىتايلار ھاكىمىيىتى دەۋرىدە، يەتتەسۇ رايونىدىكى قايالىق ۋە ئالمالىق (بۇ شەھەرنىڭ خارابىسى ھازىرقى غۇلجىنىڭ غەربىي شىمالىدا تېپىلدى) شە-ھەرلىرىگە ئوخشاش، بۇرۇن ئۇجايلارغا ئىسلام يەتمىگەن، ئىسلام ۋىلايەتلىرى بارلىققا كەلدى.

قاراخىتايلار دۆلىتى ئۇزۇن مەزگىل داۋام قىلالمىدى، چۈنكى تۈركىستان موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. بۇ ۋاقىتتا نايمان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى كۈچلۈكخان قاراخىتايلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈردى ۋە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تەسىس قىلىپ باشلاپ تاكى خارەزىم شاھلىقىغىچە بولغان جايلارغا قەدەر يەتكۈزدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، كۈچلۈكخان، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ چېگرىسىغا ئۇلىشىدىغان يېڭى بىر دۆلەت قۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

كۈچلۈكخان ئۆز خوتۇنى (قاراخىتايلار خانىنىڭ قىزى) نىڭ دەۋىتى ئارقىلىق خىرىستىيان دىنىنى تەرك ئېتىپ بۇددا دىنىغا كىردى. كۈچلۈكخان شۇندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىدىن يېنىپ خىرىستىيان دىنىغا ياكى بۇددا دىنىغا كىرىشكە ياكى قاراخىتايلارچە كىيىنىشكە مەجبۇرلىدى. مۇسۇلمانلار بۇ ۋاقىتتا ئامالسىزلىقتىن ئۈچىنچى يولنى - يەنى قاراخىتايلارچە

كىيىنىشنى تاللىدى. چۈنكى قاراختايلارچە كىيىنىش، مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئۆز دىنىدىن يېنىشتىن يىرىكرەك ئىدى. مانا بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ باشىغا كەلگەن دەسلەپكى دىنى بېسىم ئىدى. خوتەندىكى بىر مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئالائۇددىن خوتەنىمۇ بۇ تارىقى زۇلۇملارغا قارشى چىققان ئۆت يۈرەك قەھرىمان ئىدى (34).

كۈچلۈكخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىمۇ ئۇزۇن مۇددەت داۋام ئەتمىدى. چۈنكى مىلادىنىڭ 1218-يىلى چىنگىزخان ئۇنىڭ تەختىنى ياغمىلاپ تاشلىغان ئىدى.

چىنگىزخان بارلىق خەلقنىڭ دىنى ئەركىنلىكىنى ئازادە قويۇپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار خېلى ئازادە، ئەركىن نەپەس ئالىدىغان بولدى، شەرقى تۈركىستان خەلقى موڭغۇللارنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. ئۇلار ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى ھېچ بىر قارشىلىقسىز بوشىتىپ بەردى. شەرقى تۈركىستان شەھەرلىرىدە، ماۋرائۇننەھرى شەھەرلىرىدە يۈز بەرگەن ھالاكەت ۋە خاراپچىلىقلارنىڭ بىرسىمۇ يۈز بەرمىدى.

## شەرقى تۈركىستاندا موڭغۇللار ھاكىمىيىتى

شەرقى تۈركىستان ئاھالىسى — ئۇيغۇرلار موڭغۇللارغا ئۇستازلىق قىلدى. ئۇلارغا خەت يېزىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتتى. موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت ئارخىپلىرى ۋە دىۋانلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىپبەسىدە ياززى. بۇ ئېلىپبە موڭغۇللارنىڭ ئارىسىدا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر كەڭ قوللىنىلىپ كەلمەكتە. موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىسلام ۋە تۈرك مەدەنىيەتلىرىگە ئىگە بولدى، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللارنىڭ دۆلەت ئىشلىرىدا ۋەزىرلىك ۋە ھاكىملىق خىزمەتلىرىنى ئۆتىدى. چىنگىزخاننىڭ ۋەزىرى سۇۋۇنچ توغرىل، مەسلىھەتچىسى ئۇيغۇرتاي ۋە چوڭگىنىڭ غەربىي ۋىلايەتلىرىگە ھاكىملىق قىلغان مەھمۇت يەلۋاچ قاتارلىقلارمۇ ئۇيغۇرلاردىن ئىدى.

مىلادىنىڭ 1225-يىلى چىنگىزخان ئۆز مەملىكىتىنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەردى. بۇ تەقسىمات بويىچە تۈركىستان چىنگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى

چاغاتايخانىنىڭ نەسۋىسى بولدى. تۈركىستاندا چاغاتايخان ياكى ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلمىسىمۇ بەلكى باشقۇرۇش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىشلىرىنى يەرلىك ھۆكۈمدارلار ئىدارە قىلاتتى. بۇ رايونىنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا مەھمۇت يەلۋاچ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي مىلادىنىڭ 1318-يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى دوغلاتلار ئائىلىسىنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ دۆلەت مىلادىنىڭ 1405-يىلى تۆمۈرلەڭنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، پۈتۈن رايونلارنى قاپلىغان ئىچكى ئۇرۇشلارغا دۇچ كەلدى. لېكىن بۇ ئىشلار سۇلتان يۇنۇسخان (يۇنۇسخان مىلادىنىڭ 1519-يىلى ھىندىستاندا موغۇل دۆلىتىنى قۇرغان مۇھەممەد بابۇرخاننىڭ چوڭ دادىسى) نىڭ دەۋرىدە ئۆز ئەسلىگە قايتىپ دۆلەت تىنچىغان ئىدى.
شۇنداقتىمۇ تۈركىستاندا ھاكىملار بىلەن خان جەمەتلىرى ئارىسىدا پارتىلىغان قانلىق ئۇرۇشلار ۋە قالايمىقانچىلىقلارنىڭ داۋاملىق تۈردە تەكرارلىنىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە ئاخىرى دوغلاتلار ھاكىمىيىتى تارمار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن مىلادىنىڭ 1514-يىلى (بەزى تارىخلاردا 1504-يىلى دېيىلگەن) ياركەنتنى پايتەخت قىلغان سەئىدىيە دۆلىتى مەيدانغا كەلدى.

## خوجىلار ۋە چوڭگونىڭ تاجاۋۇز قىلىشى

سەئىدىيە دۆلىتى، مەخدۇم ئەزەم دەپ ئاتالغان ئەھمەد خوجا (بۇ ئۆزىنىڭ نەسەبىنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى ئىمام ھۈسەيىنگە يەتكۈزەرمىش) نىڭ ئوغۇللىرى باشچىلىقىدىكى پاسسىپ سوپىلارنىڭ، دىنىي پەردە قىلىپ تۇرۇپ قوزغىغان پىتنە-پاساتلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن زاۋال تاپتى (35).
خوجىلار دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلغان بۇ ئائىلىنىڭ نوپۇزى كۈچىيىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاپاق خوجا لەقىمى ئالغان ھىدايەتۇللا دېگەن بىرسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا ئېلىش تەمەسىدا باش كۆتۈرۈپ چىقتى.
ئاپاق خوجا مىلادىنىڭ 1679-يىلى سۇلتان مۇھەممەد باھادىرخانغا قارشى توپىلاڭ قوزغاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئاپاق خوجا بۇ ئۇرۇشتا،

جۇڭگو بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان قالماق لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقى گالدان خاننىڭ بوددىست قوشۇنلىرىغا يۆلەنگەندى ۋە ئۇلاردىن ياردەم ئالدى. مانا بۇ ئىش، بوددىستلارنىڭ رەھبىرى، تىبەت لامىلىرىنىڭ خانى دالاي لامانىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بولغانىدى.

نەتىجىدە، بوددىست قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن كۈچ تاپقان ئاپاق خوجا سۇلتان مۇھەممەد باھادىرخاننى ئۆلتۈرۈپ، قالماق، تىبەت بوددىستلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا شەرقى تۈركىستاننىڭ ھاكىمىيىتىگە ئىگە بولدى (36).

18- ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆپ قىسمى ياۋروپالىقلار ۋە ۋە ئاسيالىقلاردىن بولغان مۇستەملىكىچى كۈچلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

جۇڭگو بىلەن روسىيە ئوتتۇرا ئاسيانى ئۆز مۇستەملىكىلىرىگە كىرگۈزۈۋېلىش ئاماللىرىنى ئاسىيادا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. تۈركىستان زېمىنلىرىنى بۆلۈۋېلىشتا بۇ ئىككى تەرەپ ئارىسىدا قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بەردى.

ئاخىرى بۇ ئىككى ئىستىلاچى (جۇڭگو بىلەن روسىيە) بۇ رايونلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا بۆلۈۋېلىشتە، ئىككىسى مىلادىنىڭ 1689- يىلى ئاۋغۇستتا نېرچىنسك بىتىمنامىسىنى، 1727- يىلى ئاۋغۇستتا بۇرا بىتىمنامىسىنى ۋە 1728- يىلى كياختا بىتىمنامىسىنى تۈزۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو روسىيەدىن خاتىرجەم ھالدا ئۆز مۇستەملىكىسىنى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيتىشتە بۇ بىتىمنامىلەردىن پايدىلاندى. ھەتتا شەرقى تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى جۇڭغارىيە خانى، جۇڭگو تاجاۋۇزچىلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن روس قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلدى لېكىن بۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. شۇنىڭدەك، زىي ژاڭ مو ئۆز يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە شەھەرگە بېسىپ كىرگەن جۇڭگو تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن روسىيەنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. شەرقى تۈركىستانغا شۇ مەزگىلدە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جۇڭغارىيە خانلىقى پارچىلانغاندىن كېيىن، جۇڭگو قوشۇنلىرى شەرقى تۈركىستانغا كىرىشكە باشلىدى. مىلادىنىڭ 1759- يىلى بۇرھانىددىن خوجا بەدەخشاندا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۈركىستاننىڭ بۇ قىسمى جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى جاۋخۇينىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن تۈركىستان ئاھالىسىدىن 1200 000 كىشى ئۆلتۈرۈلدى ۋە 22 000 تۈرك ئائىلىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى

ئۆلكىلىرىگە يالقۇنلاندى (37).

نەتىجىدە، ئاپاق خوجىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىشتىكى يامان تاماسى خوجىلارغا بالايى-ئاپەت ۋە باشقا شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارغا ئېغىر زىيانچىلىق ئېلىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان چىڭ سۇلالىسى مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تۆمۈر تىرناقلىرىغا چۈشۈپ كەتتى.

ئۇستاز بەدرىددىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «جۇڭگودا ئۆتكەن چىڭ سۇلالىسى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ زالىم ھۆكۈمرانلىق ئىدى، ئۇلار ھەمىشە مۇسۇلمانلارغا دەھشەتلىك سىياسەتلەرنى قوللاناتتى. ئۇلار جۇڭگونىڭ قايسى جايلىرىدا بولسۇن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قەتئىي ئادىللىق قىلمايتتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى، غەربىي جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى، خۇسۇسەن يۈننەندىكى مۇسۇلمانلار چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ جۇڭگو تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن زۇلۇملىرىنى باشلىرىدىن كەچۈردى» (38).

شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار چىڭ سۇلالىسى مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى 17 قېتىملىق چوڭ قوزغىلاڭلارنى كۆتۈردى. مىلادىنىڭ 1863 - يىلى كۆتۈرۈلگەن ئاخىرقى قوزغىلاڭ، شەرقىي تۈركىستاننى جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازات قىلىپ، 19 - ئەسىردىكى مۇستەقىل تۈرك مەملىكىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ بەردى.

# بەشىنچى باب

## شەرقىي تۈركىستان مەملىكىتى ۋە جۇڭگو ئىستىلاسى

مۇسۇلمانلار دەھشەتلىك چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى ۋە قوزغىلاڭچىلار بەش رايوندا يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى تەشكىل قىلدى. لېكىن بۇ ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەممىسى، ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى تەرىپىدىن «مۆمىنلەرنىڭ سەردارى» دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن ئاتالىق غازى ياقۇپ بەگنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىدى.

شۇ ھەزگىلدە بەزى دۆلەتلەر شەرقىي تۈركىستاننى ئېتىراپ قىلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنى باغلاپ، دوستلۇق ۋە سودا ئالاقىلىرىنى تۈزۈشتى.

مەسىلەن: 1) مىلادىنىڭ 1873 - يىلى 16 - ئىيۇل كۈنى شەرقىي تۈركىستان
ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلچىسى سەييىد ياقۇپ خان تۆرە ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ
سۇلتانى ئابدۇلئەزىزخانغا، بەدۆلەت ياقۇپ بەگنىڭ نامى بىلەن يېزىلغان
ئىسپاتنامىسىنى تەقدىم قىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سۇلتان ئابدۇلئەزىزخان
ياقۇپ بەدۆلەتكە «مۆمىنلەرنىڭ سەردارى» دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى ۋە
تۈركىستانغا مۇراد ئەپەندىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆمەك ئەۋەتتى. تۈركىستانغا
ئەۋەتىلگەن بۇ ئۆمەكلەرنىڭ ئارىسىدا، كازىم بەگ، مۇھەممەد يۈسۈپ بەگ،
يۈسۈپ چەركەس ۋە ئىسمائىل ھەققى قاتارلىق بەزى گېنېراللار بار ئىدى.
ئۇلار تۈركىستان ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي مەشىقلىرىگە ياردەم بولسۇن ئۈچۈن
كۆپلىگەن قورال - ياراقلارنى بىرگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

2) مىرزا مۇھەممەد شاھىدى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ھىندىستاندىكى
ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىلگەن تۇنجى ئەلچىسى ئىدى. ئۇ مىلادىنىڭ
1870 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ھىندىستاندىكى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن
ۋالىيسى لورد مايوغا بەدۆلەت ياقۇپ بەگنىڭ مەكتۇبىنى يەتكۈزدى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ 1870 - يىلى 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سىملادا كەشمىر بىلەن
سودا ئالاقىسىنى ئىمزالىدى.

مىلادىنىڭ 1870 - يىلى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلچىسى
دوگلاس فورسىت ياركەنتكە يېتىپ كەلدى. لېكىن ئۇ بىرقېتىم بەدۆلەت
ياقۇپ بەگنىڭ ملاقاتىغا ئېرىشەلمىدى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن قايتىپ
كېتىپ، مىلادىنىڭ 1873 - يىلى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئەنگلىيە شاھىنىڭ
بەدۆلەت ياقۇپ بەگكە يازغان خېتىنى ئېلىپ قەشقەرگە ئىككىنچى قېتىم كەلدى.
مىلادىنىڭ 1874 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان
ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئارىسىدا دوستلۇق ۋە سودا ئالاقىلىرىنى
ئىمزالاندى.

3) مىلادىنىڭ 1868 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەل-
چىسى مىرزا مۇھەممەد شاھىدى، ياقۇپ بەگنىڭ روسلار بىلەن بولغان
قوشنىلىق مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش نىيىتى بىلەن تاشكەنت ۋە پېتىربۇرغ-
سىدىكى روسىيەلىك مەسئۇللارنىڭ يېنىغا يۆتكەلدى. يەنە شۇ يىلى بەدۆلەت ياقۇپ-

بەگ ئەنشەقەردە روسىيە دۆلەت ئورگانلىرى كاپىتان رېينتالنى كۈتۈۋالدى .

مىلادىنىڭ 1872 - يىلى 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى روسىيە ئەلچىسى بارون كاۋۇلبارس، روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلغانلىق خېتىنى ئېلىپ كەلدى ۋە شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بەدەۋلەت ياقۇپ بەگ بىلەن ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى دوستانىلىق مۇناسىۋەت ۋە سودا - تىجارەت ئالاقىلىرىنى ئىمزالىدى . بۇنىڭ بىلەن 1873 - يىلىنىڭ باشلىرىدا شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلچىسى ياقۇپخان تۆرە پېتىربۇرگدا ئالېكساندىر II بىلەن يۈز كۆرۈشتى . لېكىن جۇڭگو بىلەن روسىيە ئارىسىدا 1872 - يىلى 15 - ماي كۈنى ئىمزالانغان سۆھبەت تىزىمىنىڭ كېيىنى، بۇ ئىككىسىنىڭ (جۇڭگو بىلەن روسىيەنىڭ) ھوقۇق مەنپەئەتلىرى تامامەن بېكىتىلىپ كەلدى .

شۇنداق قىلىپ مىلادىنىڭ 1875 - يىلى روسىيە، جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىشكە تەييارلاندى ۋە جۇڭگو قوشۇنلىرىغا بەزى ئوزۇقلۇقلارنى يەتكۈزۈپ بەردى .

روسىيەنىڭ بۇنىڭدىن بولغان مەقسىتى، ھىندىستاندىكى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئارىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان بىر دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە بويسۇنغانلىقىنى ئېلان قىلغان شەرقىي تۈركىستان خانى بەدەۋلەت ياقۇپ بەگنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت . بۇ چاغدا ياقۇپ بەگ ئىنگلىزلاردىن ياردەم ئېلىشقا خېلى تىرىشىپ باقتى، چۈنكى ئىنگلىزلار، روسىيەدىكى غەربىي تۈركىستانغا چېگرىداش بولغان ئۆز دۆلىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن روسىيەگە دۈشمەن ئىدى . لېكىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ياقۇپ بەگكە ئاۋاز قىلمىدى، ئۇنى مات قىلدى .

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىشىغا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپلىگەن دۆلەت ئەربابلىرى قارشى چىقتى ۋە بۇ ئىشقا قارىتا ئۆزلىرىنىڭ نارازىلىقلىرىنى بىلدۈردى . مەسىلەن ئۇلاردىن، ئىلى رايونىنىڭ ئەسكەر قوماندانى لى . يۈەنپىڭ، جېھلى رايونىنىڭ باش ۋالىسى لى . خۇڭجاڭ ھەتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياش ئىمپېراتورى تۇڭ جىمۇ بۇ ئىشقا قارشى چىققان ئىدى . ياش ئىمپېراتور تۇڭ جى مىلادىنىڭ 1875 - يىلى 12 - مارت كۈنى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت (تەخت) ئورنىدىكى ئانىسى دۆۋاگېر ھېيسا چىنغا يازغان ۋەسىيەت نامىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ : «شەرقىي

تۈركىستان شىمالدا روسىيە بىلەن، غەربتە تۈركىيە، ئەرەبىستان ۋە ئىران قاتارلىق بىر قانچىلىغان ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن قورشالغان بولسا، جەنۇبتا ھىندىستاندىكى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن تۇتىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خان ئائىلىسىدىن، غەربىي چېگرادىكى قوشۇنلارنى ئالدىغا ئىلگىرىلەشنى توختىتىشقا بۇيرۇق بېرىشنى سورايمەن. ئەگەر بۇ ھۇجۇم باشلىنىپ بىزلەر غەلىبە قازانغان تەقدىردىمۇ، بىز تۈركىستانغا كىرگىنىمىزدە، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار قوزغىلاڭنىڭ تەكرار-لىنىشى ۋە چىپايكوەن ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ تەھدىت سېلىشلىرىدىن خالىي بولالماي بولمايدۇ» (39).

يۇقارقى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ تارتىشلىرى شۇنچە كەسكىن تۇرغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن مىلادىنىڭ 1878-يىلى زوزوڭتاڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلدى. چىڭ ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا يېقىندىن بېسىۋېلىنغان شەھەرلەردە يۈرگۈزۈلىدىغان سىياسەت ۋە قانۇنلار توغرىسىدا ئۇزۇندىن سوزۇلغان تالاش-تارتىشلار داۋام قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ بەزىلىرى بۇ رايوننى ئەسكەرىي كۈچ بىلەن باشقۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى زوزوڭتاڭ شەرقىي تۈركىستاننى جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىپ ئۆزگەرتىش توغرىسىدا، چىڭ سۇلالىسى ئەربابلىرىنى ئىككىنچى قېتىم قايتا ئەرزلەندۈردى.

شۇنىڭ بىلەن مىلادىنىڭ 1884-يىلى 11-ئاينىڭ 18-كۈنى شەرقىي تۈركىستاننى جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىپ بەلگىلەپ، ئۇنى شىنجاڭ دەپ ئاتاش ۋە ئۈرۈمچىنى بۇ رايوننىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتىش توغرىسىدا ئالاھىدە قارار چىقىرىلدى.

گەرچە شەرقىي تۈركىستان شۇ مەزگىلدىن باشلاپ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىدىغان خوتەنلىكلەر (زوزوڭتاڭنىڭ يارىقى) بۇ رايوننى ئۆزلىرى بىۋاسىتە باشقۇرمايتتى. بەلكى يەرلىك ۋالىي، ھاكىملار، ئۆزلىرى باشقۇراتتى. ھەر يىلى جۇڭگو خانلىرىغا سېلىق تۆلەيتتى. يەرلىك ئىدارە ئورگانلىرى تۈركىستانلىقلارنىڭ قولىدا ئىدى. 1928-يىلى شامەخسۇتنىڭ ئۆلۈمىگىچە قومۇل رايونىدا داۋام قىلىپ كەلگەن يەرلىك خانلىقمۇ يۇقارقىلارنىڭ ئەمۇنىلىرىدىن بىرى ئىدى (40).

دوكتور موريس روزابى «شەرقى تۈركىستاننىڭ يېرىم مۇستەقىللىقى ھەققىدە» مۇنداق دەيدۇ: «شەرقى تۈركىستان، جۇڭگودا چىڭ سۇلالىسى خاندانلىقى يىقىلغاندىن بۇيان ھەتتا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھېچ بىرىگە بويسۇنمىدى. شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر، قازاق مۇسۇلمانلىرى بىر قانچە قېتىم قانلىق ئىنقىلابلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈل-كېسىل ئۈزۈلۈپ كەتمىگەن ئىدى» (41).

1911-يىلى جۇڭگودا يولغا قويۇلغان جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ كېلىشى بىلەن بىرگە ياڭ زېڭشىن شەرقى تۈركىستاننىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋېلىپ ئۇنى يالغۇز ئۆزى 17 يىل سوردى. ياڭ زېڭشىن بۇ ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىدە مەركىزى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆز تۇغقانلىرىدىن پايدىلاندى. جۇڭگو مەركىزى ھۆكۈمەت بىلەن ئۇنىڭ ھېچ بىر ئالاقىسى بولمىدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىمۇ ئۇنى مەنسەپتە تۇرغۇزۇش ياكى ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولالمىدى. ياڭ زېڭشىن، بېيجىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شەرقى تۈركىستان ھەققىدە چىقىرىلغان سىياسەت ۋە ئەمەلىيەتلەرنى يولغا قويۇشقىمۇ ھېچ رىئايە قىلمىدى. ئۇ شەرقى تۈركىستاندا مەخسۇس قىلىپ ئون مىليون تىنۋە مىقداردا ئايرىم پۇل چىقاردى. جۇڭگو بىلەن شەرقى تۈركىستان ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇئامىلىسى ئىككى تەرەپ ئارىسىدا پۇل ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بولغانىدى.

مىلادىنىڭ 1928-يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستانغا دوكتور سۋېن ھېدىن باشچىلىقىدا، شۋېتسىيە، گېرمانىيە ۋە جۇڭگونىڭ بولۇپ بىر قانچە ئالىملار قاتناشقان ئىلمى گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتتى. لېكىن ياڭ زېڭشىن ئۇلارنىڭ ھېچ بىر پائالىيەتلىرىگە رۇخسەت قىلمىدى. پەقەت بۇ ئىلمى گۇرۇپپىنىڭ رەئىسى سۋېن ھېدىننىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈرۈمچى ۋە قۇمۇلغا بېرىپ كېلىشى ئۈچۈنلا كەڭچىلىك قىلدى (42).

ئەمما تاشقى سىياسەتلەردە ياڭ زېڭشىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزى بېيجىڭدىن يەنىلا مۇستەقىل بولالىدى. 1927-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاق ۋە كېلىشىملەرنى تۈزدى. 1927-يىلى 11-ئاينىڭ 28-كۈنى شەرقى تۈركىستاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سېمىپالاتىنىسك دېگەن جايدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئۆيىدىكى تەيىنلىك گېزىتلارغا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سېمىپالاتىنىسكتىكى كونسۇلىنىڭ جۇڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن ھېچ قانداق ئالاقىسى يوق، ئاتالىق بولغان ئىكەن بۇ جايدىكى كونسۇلخانا جۇڭگودا يۈز بەرگەن كېيىنكى ھادىسىلەردىن

مەسئۇل بولالمايدۇ. جۇڭگونىڭ غەربىي (شەرقىي تۈركىستان) گە ئۆكتۈملۈك قىلىدىغان بۇ
ئەلچىخانا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستانىلىقتا ھېچ ۋاقىت تەسىر يەتكۈزۈشنى
خالىمايدۇ». موسكۋادا چىقىدىغان «ئىزۋېستىيا» (كۈنلۈك خەۋەرلەر) گېزىتىنىڭ 1928-
يىل 1-ئاينىڭ 8-كۈندىكى سانىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئارىسىدىكى
دوستلۇق ئالاقە سودا ئىشلىرىدىلا بولۇپ قالماستىن بەلكى ئومۇمىي سىياسەتلەر-
دىمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان (43).

# ئالتىنچى باب

## جۇڭگو ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى

تۈركىستان خەلقى ئۆزلىرىنى ۋە ئۆز ۋەتىنىنى جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى بىر قانچە قېتىملىق قانلىق ئىنقىلابلار ۋە قوزغىلاڭلارنى كۆتۈردى. بۇ يولدا يۈز مىڭلارچە كىشىلەر شېھىد بولدى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بۇنداق ئىنقىلابلارنى ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن باستۇرۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرى ۋە بېسىملىرى چېكىدىن ئاشتانسېرى، تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاللا يولىدا جىھاد قىلىش ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن بولغان تەشەببۇسلىرى ۋە غەيرەت، ئارزۇلىرى كۈندىن-كۈنگە ئۆرلەپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى ئىنقىلابچىلار ئۆز شەھەرلىرىنى تاجاۋۇزچىلاردىن ئازات قىلدى، ۋە 1933-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى قەشقەردە خوجا نىياز ھاجىمنىڭ رەئىسلىكىدە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى.

لېكىن شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان بۇ ئىسلام دۆلىتىنىڭ غەربىي تۈركىستاندىكى روسىيە ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سېلىشى ۋە ئۇ جايدىكى قان-ياش ئىچىدە ئازاتلىققا ئۇيغۇنلىشىشىدىن ناھايىتى قورقۇپ كەتكەن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئۈرۈمچىدە قورشاۋ ئىچىدە قالغان شېڭ شىسەينى زاماننىڭ قوراللار ۋە تانكىلار بىلەن جابدۇنغان ئون مىڭلارچە ئەسكەر، 40 دانە ئۇرۇش ئايروپىلانى، ۋە بىر قانچە مەسلىھەتچىلەر، ئۇرۇش مۇتەخەسسىسلىرى ۋە داڭلىق قوماندانلار قاتارلىقلار

بىلەن كۈچلەندۈردى.

مانا بۇنىڭ بىلەن، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئۈمىتسىزلەنگەن شىڭ شىسەي قوشۇنلىرى قايتىدىن كۈچىيىپ كېلىپ 1934 - يىلى ئىيۇلدا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان، جۇڭگو - سوۋېت مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. 1934 - يىلى خوجا نىياز ھاجىمنى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، گېنېرال مەھمۇد مۇھىتىنى ھەربىي مۇستەشارلىققا تەيىنلەش ئارقىلىق خەلق قوزغىلاڭلىرىنى بېسىقتۇردى. شىڭ شىسەي بولسا شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ باش رەئىسلىك مەنسىپىنى ئىگىلىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن سەلتەنەتنى ئۆزى ئۆكچە ئالدى. ئۇ، ھۆكۈمرانلىق جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكىرى، ئىلمى ۋە ئىقتىسادىي ياردەملىرىگە يۆلەندى. جۇڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتىگە قەتئىي ئىتائەت قىلمىدى. ھەتتا 1940 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان ئەنگلىيىلىك بىر خىزمەتچى، ئۆزىنىڭ بۇرايوندا كۆرگەن، بىلگەنلىرى ۋە بۇ رايوننىڭ ئومۇمى ئەھۋالىغا قاراپ قىلغان مۇلاھىزىلىرىدىن يەكۈن چىقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: «شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيەت تۈزۈمى ۋە يۈرگۈزۈلىۋاتقان قانۇن، سىياسەتلەر جۇڭگودىن تامامەن مۇستەقىل بولغان تۈزۈملەردۇر. شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىق (يەنى شىڭ شىسەي دائىرىلىرى)، خۇددى جۇڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭدىكى ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جېيشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئوخشايدۇ» (44).

1935 - يىلى شىڭ شىسەي جۇڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇۋاپىقەت قىلىشىنى ئالماستىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ئۇلارنىڭ بەرگەن ھەربىي ياردىمىنىڭ مۇقابىلىسى ئۈچۈن ئىقتىساتتا پەقەتلا چۈشۈپ بەردى. 1935 - يىلى 16 - ماي كۈنى شىڭ شىسەي جۇڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ بىلدۈرگەن كەسكىن ئىنكارىغا پىسەنت قىلماستىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىككى دۆلەت ئارىسىدا قەرز بېرىشىش ئىتتىپاقىنى ئىمزالىدى.

1938 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسىنى ئۇنىڭ مەخسۇس رەسمىيى بىلەن، شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىغا ئۆزگەرتتى ۋە شىنجاڭ ئىسمى بىلەن مەخسۇس پۇل - چاكىلارنى چىقاردى.

شەرقىي تۈركىستان بۇ مەزگىلدە رۇسىيىلىك مەسلىھەتچىلەر ۋە ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر ئىدارە قىلىدىغان يېرىم سوۋېت جۇمھۇرىيىتىگە ئايلىنىپ قالدى. رۇسىيىلىكلەر-

ئارىسىدا، ستۋانداۋ سېھىد يۇسۇف سىنالىقلارغا ئوخشىغان بەزى كوممۇنىست ئەمەلدارلىرىمۇ بارئىدى. شىڭ شىسەي شەرقى تۈركىستاننى جوڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتىدىن مۇستەقىل قىلىۋېلىشتا شۇلارغا يۆلەنگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ 1940 - يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن توختام تۈزدى. بۇ توختامدا، جوڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىش ھوقۇقى بولماستىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا شەرقى تۈركىستاننىڭ يەر ئاستى مەدەن بايلىقلىرىنى خالىغىنىچە 50 يىل پايدىلىنىۋېلىش ۋە ئېلىپ كېتىش ھەققى بېرىلگەنلىكىنى ئىمزالىدى. بۇ ئىشلار شىڭ شىسەي رىياسەتچىلىكىدىكى شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ، نەنجىڭدىكى جوڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتىدىن مۇتلەق مۇستەقىللىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

شەرقى تۈركىستاندىكى جوڭگولۇق ئەمەلدارلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ سىياسەتلىرىنىڭ، جوڭگودىن ۋە جوڭگو مەدەنىيىتىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ياشاشنى ئىزدەپ كەلگەن شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، جوڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئاجرىلىشتۇرۇپ، جوڭگودىن مۇتلەق مۇستەقىل بولۇۋېلىشنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىرى مۇستەقىل بولىۋالغانلىقى، ھەرقانداق ئا- دەمنىڭ كۆڭلىگە مۇنداق بىر سوئالنى تاشلايدۇ، شەرقى تۈركىستان جوڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، تۈركىستان خەلقى باشقا جوڭگو خەلقىگە ئوخشاش خەلق دەپ قارىغان تەقدىردە، شەرقى تۈركىستاندىكى ئاشۇ جوڭگولۇق ئەمەلدارلار بىر رايوندا بۇنداق مۇستەقىللىققا ئېرىشەلىگەن بولسا شەرقى تۈركىستان ۋە ئۇنىڭ خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ھەققى يوقمۇ؟! جوڭگو كوممۇنىستىك ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ شەرقى تۈركىستاننىڭ جوڭگودىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ رايون جوڭگونىڭ بىر قىسمى بولالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار شەرقى تۈركىستاننىڭ جوڭگودىن ئايرىلىش ھوقۇقى بار ئىكەنلىكىنى قارار قىلغانىدى، بۇنىڭغا ئۇلار ئوچۇق ئېتىراپ قىلغانىدى.

1931 - يىلى پۈتۈن ئىشچى، دېھقان ۋە كەمبەغەل قاتناشقان بىرىنچى قۇرۇلتايدا، پۈتۈن قۇرۇلتاي ئەزالىرى تەرىپىدىن بىردەك ماقۇللانغان جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋاقىتلىق دەستۇرىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: دە موڭغۇلىيە

تىبەت ۋە تۈركىستان رايونلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ، خالىسا جۇڭگو - سوۋېت
جۇمھۇرىيىتىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىش ، ياكى ئىتتىپاقتىن ئايرىلغان
تۇرۇشلۇق ياكى جۇڭگو - سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ رىئايىسى ئاستىدا ئاپتونومىيە
ھوقۇقىنى ئېلىش ئىختىيارىنى ئۆزلىرىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقى باردۇر ».

ئۇيۇن لاتىيور مۇنداق دەيدۇ : « جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مۇشۇ قارار بىلەن ، ئايرىلىش
ھوقۇقىنىڭ پرىنسىپىنى ئېلان قىلدى . گېنېرال جاڭ جېشى 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ
24 - كۈنى سۆزلىگەن نۇتقىدا ، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ
قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە ئايرىلىش ھوقۇقى موڭغۇللارغىلا مەخسۇس بولماستىن ، بەلكى
خەنزۇ مىللىتىدىن باشقا بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئايرىلىش ھوقۇقى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ،
ھەممە ئۆزىنىڭ «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنغان كۆز-
قاراشلىرىدىن دەسلەپكى ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەيدۇ » (45) .

شەرقىي تۈركىستان خەلقى . ئارقا - ئارقىدىن تەشكىل تاپقان ، جۇڭگو ، سوۋېت
ھۆكۈمەتلىرىنىڭ زالىم ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ئەڭ ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى باشتىن
كەچۈردى . تۈركىستانلىقلارنى بىر مىليون كىشى تۇرمىلەرگە قامالدى ، ئىككى يۈز -
مىڭدىن كۆپرەكى بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلدى . شۇنداقتىمۇ تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ جۇڭگو
مۇستەبىتلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان قانلىق ئىنقىلابلىرى ھەر زامان ۋە ھەر جايدا
پارتلاپ تۇردى . شۇنداق قىلىپ ئىنقىلابچىلار ئاخىرى غەلىبە قازاندى .

ئۇلار 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىلى دائىرىسىدا ئىنقىلابنى قەھرىمان ئېلىخان
تۆرىنىڭ باشچىلىقىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قايتىدىن تەشكىل قىلىپ
چىقتى ۋە ئۆز ۋەتىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى جۇڭگو مۇستەملىكىچىلىرىدىن ئازات قىلىشتا
چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى . لېكىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇپ قېلىشىدىن
ھەمىشە ئەندىشە قىلىپ كەلگەن روسىيە سىياسىي ئويۇنلارنى ئويناشقا كىرىشتى .
روسىيە دەسلەپ قىلىپ ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئارىسىدا
تۈزۈلگەن بىتىمنامىگە ۋاستە بولۇپ ئارىلاشتى . شۇنىڭ بىلەن بۇرۇن
جۇڭگولۇقلار سۈلھ قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا قوبۇل قىلمىغان تۈركىستانلىقلار ، ئەمدى
روسىيەنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۇنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى .

تۈركىستانلىقلارنىڭ شەرتلىرى ، جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ
كېتىشلىرىدىن ئىبارەت ئىدى . بۇ بىتىم ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى

ئېتراپ قىلىشى ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرىنى ئىختىيار قىلىش ئۈچۈن ئەركىن سايلام ئۆتكۈزۈش ۋە جۇڭگولۇق ( خەنزۇ ) خىزمەتچى ، كادىرلارنىڭ ئورنىغا يەرلىكلەرنى تەيىنلەش قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ئاساسلاندى .

بۇ بىتىمنامە 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈرۈمچىدە شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى رەھىمجان سابىر ، ئەبۇلخەير تۆرە ۋە ئەخمەتجان قاسىملار بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال قوماندانى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ تەرىپىدىن ئىمزالاندى . بۇ بىتىمنامە 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جۇڭگۇچىدە ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا ئېلان قىلىندى . 1947 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۆلكىلىك شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرىنى ئىختىيار قىلىش ئۈچۈن ئومومىيۈزلۈك سايلام ئۆتكۈزۈلدى . بۇ سايلامدا دوكتور مەسئۇد سەبرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى . لېكىن ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ئەزەلدىن كۈچلەندۈرۈپ كەلگەن روسىيە ، شەرقى تۈركىستانغا بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىدى . ئۇلار جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تەھدىت سېلىش ، خەلق تۈزۈلۈشىنى كۈچلەندۈرۈش دېگەن داۋاسى بىلەن بۇ رايونغا تۇرغۇزۇلغان جاسۇسلىرىنى تارقاتتى . شۇنداق قىلىپ 1948 - يىلى ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن بۇرھان شەھىدى ، مەسئۇد سەبرىنىڭ ئورنىغا ھۆكۈمەت رەئىسى قىلىپ تەيىنلەندى . ئۇزۇن ئۆتمەيلا جۇڭگو ۋە سوۋېت كوممۇنىستلىرى سەلتەنەتنى ئالدى . بۇ چاغدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان جاڭ جىشى تەيۋەن ئارىلىغا قاچتى .

## شەرقى تۈركىستاندا كوممۇنىست ئىستىبدادى

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شەرقى تۈركىستاندىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى ۋە ھەربى قوماندان تاۋچىيۇلار ، ئۆلكىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تەسلىم بولغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى . 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جۇڭگو قوشۇنلىرى تۈركىستانغا كىردى . شۇنىڭ بىلەن شەرقى تۈركىستان تارىخىدا ، چېكى يوق زۇلۇم ۋە ئازاپ - ئوقۇبەتلەرگە تولغان يېڭى بىر دەۋرى باشلاندى .

بۇرھان شەھىدى 1952 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچى رادىيوسىدا،
ئۆلىمالاردىن، ئەدىبلەردىن ۋە ئەمەلدارلاردىن بولۇپ بىر يۈز يىگىرمە مىڭ كىشىگە
ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. تۈركىستاندىكى خەلق ئىنقىلابىنىڭ
كوممۇنىست رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئۇبۇلخەير تۆرە ۋە ئابدۇكېرىم
ئابباسوفلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بېيجىڭغا
كېتىۋاتقان ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچرىدى دېگەن ئويدۇرما باھانە بىلەن
تاماملاندى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكلىرى، ئۇلارنىڭ كوممۇنىستلىقىدىن
ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئەلۋەتتە يۇقىرى ھەم ئۈستۈن
ھەم كۈچلۈك ئىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاخىرقى ھۆكۈمرانلىقى تۆۋەندىكى
3 دەۋرگە بۆلۈنىدۇ.

1) 1949 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە بولغان مەزگىل سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش
ۋە جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش دەۋرى:

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاندا قەدەملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ،
1954 - يىلى ۋاڭ ئېنماۋ شەرقىي تۈركىستان رايونىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
تەشكىل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئۇسۇلدا ئىش ئېلىپ باردى:

1- خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەر باشلىقلىرىنى ۋە ياخشى ئۆلىمالىرىنى ھەرتۈرلۈك
تۆھمەتلەر بىلەن قارىلاش ئارقىلىق، ھەر خىل پاجىئەلىك ئۇسۇللار بىلەن يوقىتىش.

2- شەخسى مۈلۈكلەر ۋە ۋەخپەلەرنى مۇسادىرە قىلىش ئارقىلىق،
كوممۇنىستىك تۈزۈمنى يۈرگۈزۈش، بارلىق مۇتەپەككۇرلارنى، ئاسار-ئەتىقە
ئالىملىرىنى قاماققا ئېلىش، لۈكچەك، ئوغرى ۋە يانچۇقچىلاردىن تەركىب
تاپقان يەرلىك مىنبەگ ياكى خوك يىپىك دېگەن جەمىيەت راشقاللىرى ئۇ-
يۇشمىلىرىنى تەشكىللەپ، خەلقنىڭ مەدەنى ۋە ئىجتىمائى مۇئەسسەسەلىرىگە
ئىشچى، دېھقانلارنىڭ دۈشمىنى دېگەن قالپاقلارنى كەيگۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارغا
ھۇجۇم قىلىش.

3- ھۆكۈمەت مەركەزلىرىدە، تۆۋەندىكى ئىدارە ۋە باشقا خىزمەت ئورۇنلىرىدا
خەنزۇ كادىرلارنى كۆپەيتىش ئارقىلىق، جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىنى كېڭەيتىش، بىردەست
خەنزۇلارنى شەرقىي تۈركىستاندا يەرلەشتۈرۈش پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش

ۋە تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنى جۇڭگولۇق خەنزۇلارغا مەدەنىي ۋە ئىلمىي تەرەپلەردىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى .

ج) 1966 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە بولغان مەزگىل مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرى :

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بۇ مەزگىللەردە ، ئىسلام تەلىملىرىنى ، تۈرك - ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋە مىللىي ئاسارەئەتىقىلەرنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىشقا كىرىشتى . بارلىق مەسجىد ، جامەلارنى تاقىۋەتتى ۋە ئۇلارنى باشقا ئىشلار ئۈچۈن ئىشلەتتى . ئاياللارنىڭ يۈزلىرىنى ئاچتى . مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش ، تۇتقۇن قىلىش ، قاماققا ئېلىش قاتارلىق ھەر تۈرلۈك ۋەھشىيلىكلەر بىلەن تەھدىت قىلىش ئارقىلىق ، ئۇلارنى دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن توستى . خەنزۇ تىلىنى بولۇن جايلاردا قوللىنىشقا قەتئىي قارار قىلدى . تۈركى ۋە ئىسلامىي كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈردى ، ھەتتا قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈردى . مۇسۇلمانلارنى مائوزېدۇڭ تومىلىرىنى ئوقۇشقا ۋە يادلاشقا مەجبۇر قىلدى . مۇسۇلمانلارنى جۇڭگولۇق خەنزۇلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلىدى .

دېمەك بۇ دەۋر ، بىرىنچى دەۋردىكى قالدۇقلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل سۈپۈرۈپ تاشلاشقا كۈچ سەرپ قىلىش ، جۇڭگو كوممۇنىست دىكتاتۇرىلىقىنى كۈچەيتىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىي ئاسارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دىنى ، پىكرى مۇئەسسەسەلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىش دەۋرى بولدى .

د) 1977 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە بولغان مەزگىل يېقىنقى زامان دەۋرى :

بۇ دەۋر ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ قورال كۈچىگە يۆلىنىپ ئېزىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتىن ، كوممۇنىستىك ئىلمىي ۋە مەدەنىي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە كۆچكەن دەۋردۇر .

مانا بۇ كۆچۈش ، ئۇلارنىڭ زورلاۋان سىياسىتىدىكى ، تۆۋەندىكى ئۈچ ئاساسلىق مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشتۇر .

ئۇلارنىڭ ئۈچ ئاساسلىق مەقسىتى مۇنۇلار ئىدى :

1 — مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىغا، دەھشەتلىك قورقۇنۇش ۋە ئاجايىپ ئەندىشىلەرنى سېلىش. ئۇلارنى ئىلمىي ۋە پىكرىي جەھەتلەردە يېتەرلىك بىلىمسىز، جاھىل قالدۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا جاھىللىقنى كەڭ كۆلەمدە تارقىتىش.

2 — مۇستەملىكىچى زالىملارغا قارشى تۇرۇپ، تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بارلىق ئىسلامىي كۈچلەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈگىتىش.

3 — شەھەر ئىدارىلىرى ۋە ئىقتىسادىي ئورۇنلارنى خەنزۇلارنىڭ كونتروللىقىغا ئۆتكۈزۈش. شەرقىي تۈركىستاندا بەش مىليوندىن ئارتۇق بۇددىست خەنزۇلارنى يەرلەشتۈرۈش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ نىسبىي كەڭچىلىك سىياسىتى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ يېڭى سىياسىتى ئاستىدا، قارىماققا كەڭچىلىك دەپ سانالغان، چەكلىك دەرىجىدىكى بەزى دىنىي كەڭچىلىكلەردىن ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي يۈكسىلىشلەردىن ئازتولا مەنپەئەتلىنىپ كەلمەكتە.

ئەمما ھەقىقىي چوڭ خەتەر، مۇشۇ ئازتولا كەڭچىلىكلەرنىڭ تېگىدە يوشۇرۇنماقتا. چۈنكى، بۇ ئازتولا كەڭچىلىكلەر، پۈتۈن تۈركىستان خەلقىنى، جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئىككى يۈز مىليون بۇددىست خەنزۇلارنى ئىچكى ئۆلكىلەردىن كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ، ئۇ جايدا يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئويناۋاتقان سىياسىي غەرەزلىرىدىن غەپلەتتە قالدۇرماقتا. كاشكى تۈركىستان خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا كۆز ئېچىۋاتقان بۇ چوڭ خەتەرنى بايقىيالىسا ئىدى!...

جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇ غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، خەنزۇلار بۇ رايوننىڭ ئۆرپىي، مەدەنىي، دىنىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلىرىدىكى كۆپ سانلىقىنى ئىگەللەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى رەسمىي شورىماقچى. چۈنكى تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار، دىنىي تەلىملەردىن مەھرۇمدۇر. بەلكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تارىلىپ كەتكەن بىلىمسىزلىكلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار باشقا تەلىملەردىنمۇ مەھرۇمدۇر. ئۇلار ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ۋە سانائەت ئورۇنلىرىدا كەڭ تارقىلىپ ئىشلەشتىن مەھرۇمدۇر. ئۇلار پەقەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە ياردەم بولىدىغان مىقداردا بەزى جايلاردا ئىشلىيەلەيدۇ. مانا بۇ شەرقىي تۈركىستان

مەدەنىيەتنىڭ ۋە ئىقتىسادنىڭ تۇتۇنلىپ كەتكەنلىكى ۋە ئىشسىزلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىگە ئاساسلىنىپ چىقىرىلغان يەكۈنلەردۇر.

سەھىيە ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارغا رىئايە قىلىنىشتىن مۇسۇلمانلار مەھرۇم قالغاننىڭ ئۈستىگە، جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ دائىرىدە ھېچ بىر سالامەتلىك ساقلاش ئىمكانلىرىنى ئېلىپ بارماستىن، بۇ دائىرىدە (شەرقىي تۈركىستاندا) ناتولۇق پارتلىتىشى، تۈركىستان خەلقىنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

# ئىزاھلار :

★ لى فۇساڭ. «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ مەسىلىسى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ مىللىي سىياسەتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش». روتگېرس ئۇنىۋېرسىتى، (نيۇجېرسى ئۇلايىتى) ئىلمىي ئۇنۋان ئۈچۈن يېزىلغان ئەسەر، 170-بەت 1973-يىلى (ئىنگلىزچە).

(1) يۇقارقى كىتابنىڭ 171-بېتىگە قارالسۇن.

(2) «شىنجاڭدا تېپىلغان 3 مىليارد باغ (يەنى يەرئاستى بايلىقلىرى)» «چاينا دېلى» گېزىتى. 1987-يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈنلۈك سانى، 3-بەت. (ئىنگلىزچە)

(3) يۇقارقى ماقالىنىڭ 3-بېتىگە قارالسۇن.

(4) ئابدۇقادىر يۇنۇس «ئانا يۇرت - ئالتۇن دىيار» شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر-ياشلار نەشرىياتى. ئۈرۈمچى. 1988-يىلى. 5-بەت (ئۇيغۇرچە). يۇقارقى كىتابنىڭ 96-بېتىگە قارالسۇن.

(5) «شىنجاڭدا تېپىلغان يەرئاستى بايلىقلىرى» 1987-يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈنى «چاينا دېلى» گېزىتى. 3-بەت. (ئىنگلىزچە).

(6) يۇقارقى گېزىتنىڭ 6 بېتىگە قارالسۇن.

(7) ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن. «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى» ئىسمائىل ھەققى تەرجىمىسى، 1977-يىلى مەككىدە نەشر قىلىنغان. 36-بەت (ئەرەبچە)

(8) ئابدۇقادىر يۇنۇس. «ئانا يۇرت - ئالتۇن دىيار» 6-بەت.

(9) «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى» جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى خارجى ئىشلار بۆلۈمى. 1987-يىل. ئۈرۈمچى 6-بەت (ئىنگلىزچە).

(10) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. ئۈرۈمچى. 151-بەت. 1985-يىل. (ئۇيغۇرچە)

(11) ئەبەيدۇللېتىپ، ئىلاخۇنلار «بۈگۈنكى شىنجاڭ» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۈرۈمچى. 7-بەت، 1986-يىل. (ئۇيغۇرچە)

(12) « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى » 163-بەت.

(13) يۇقارقى كىتابنىڭ 17-بېتىگە قارالسۇن.

(14) ياقۇت ئەلھەمەۋى، « شەھەرلەرنىڭ كۆرسىتىلمىسى » 2-توم. 23-بەت. بەيرۇت. 1956-يىل. (ئەرەبچە).

(15) ئەبۇلفىدا « شەھەرلەرنىڭ تونۇشتۇرۇلمىسى » 504-بەت. پارىژ. 1840-يىل. (ئەرەبچە)

(16) لېكوك ئالبېرت ۋون. « شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈلۈپ قالغان بايلىقلىرى » بېرلىن. 1928-يىل. (ئىنگلىزچە).

(17) ئۆزتونا. ت. يىلماز « تۈركىيە تارىخى "باشلانغىچىدىن زامانىمىزغا قەدەر" ». ھايات نەشرىياتى. ئىستانبۇل. 1-توم 94-بەت 1963-يىل (تۈركچە).

(18) يۇقارقى ئەسەرنىڭ 121-بېتىگە قارالسۇن.

(19) سامولىن ۋىلليام « شەرقىي تۈركىستان 12-ئەسىرگە قەدەر » 19-بەت. موتونكو نەشرىياتى. ھېگىيو. 1964-يىل. (ئىنگلىزچە).

(20) بارتولد « تۈركىستان ئەرەب پەتھىسىدىن موڭغۇل ھۇجۇمىغا قەدەر » 316-بەت. كۇۋەيت. 1981-يىل. (ئەرەبچە). سالاھىددىن ئوسمان تەرجىمىسى.

(21) بارتولد. « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەر تارىخى ». 53-بەت. ئەھمەت سولايمان تەرجىمىسى. قاھىرە. 1958-يىل. (ئەرەبچە).

(22) مىنورسكى. ۋ. « تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ئۇيغۇر شەھەرلىرىگە قىلغان ساياھىتى ». "شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى" ژۇرنىلى، XII-توم. 229-بەت. لوندون. 1948-يىل. (ئىنگلىزچە).

(23) مەسئۇدى. « تارىختىكى جەۋھەر مەدەنلىرى ۋە ئالتۇن داۋاجىسى ». قاھىرە نەشرىياتى. 1-توم. 300-بەت. بولاق (1383ھ) 1972-يىل. (ئەرەبچە).

(24) بارتولد « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەر تارىخى » 54-بەت.

(25) ھەسەن ئەھمەت « ئەرەب ۋە تۈرك پەتھىلىرى تارىخىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام » 159-بەت. مىسىر ھەيئەتى نەشرىياتى. قاھىرە. 1972-يىل (ئەرەبچە).

26. جىب. ھ. ئا. ر. «ئەرەبلەرنىڭ مىلادى 715 - يىلى قەشقەرنى پەتھى قىلىشى» «شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى» ژۇرنىلى 2 - سان. 467 - 477 - بەتلەر. لوندون. 1922 - يىل. (ئىنگلىزچە).

27. بارتولد «تۈركىستان ئەرەب پەتھىسىدىن موڭغۇل ھۇجۇمىغا قەدەر» 504 - بەت.

28. بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەر تارىخى». 51 - بەت.

29. مەمتىمىن بۇغرا «شەرقى تۈركىستان تارىخى» 180 - بەت. ئەنقەرە. 1987 - يىل (ئۇيغۇرچە).

30. گرېنارد. ف. «ساتۇق بۇغراخان ھەققىدە ھېكايە ۋە ئۇنىڭ تارىخى» «ئاسىيا ژۇرنىلى» (1900). XIV - توم. 5 - 79 - بەتلەر. پارىژ. (فرانسۇزچە).

31. ھەسەن ئەھمەد «ئەرەب ۋە تۈرك پەتھلىرى تارىخىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام». (ئەرەبچە).

32. بارتولد. «ئىلىكخانىيە (قاراخانىلار دۆلىتى دېمەكچى)» ئىسلام مائارىپ كۇتۇپخانىسى. قاھىرە خەلق كۇتۇپخانىسىدا ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان. 5 - توم. 398 - بەت. (ئەرەبچە).

33. نىزامى ئارۇز سەمەرقەندى «تۆت ماقالا» ئابدۇلۋەھھاب ۋە يەھيا خەششاب تەرجىمىسى. 141 - 144 - بەتلەر. تەرجىمە، يېزىق ۋە نەشر كومىتېتى. قاھىرە. 1942 - يىل (1368 - ھىجرى). (ئەرەبچە).

34. جوۋەينى «دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى» مۇھەممەد تونجى تەرجىمىسى. 92 - 94 - بەتلەر. دەمەشق. 1985 - يىل (ئەرەبچە).

35. شاۋ. ر. ب. «مۇھەممەد سىدىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى خۇاجاھان» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىنغان شەرقى تۈركىستان خوجىلىرىنىڭ تارىخى». «بېنگال ئاسىيا جەمىيىتى» ژۇرنىلى. قوشۇمچە سان 8 - بەت. 1897 - يىل. (ئىنگلىزچە).

36. ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان «تۈركىستان - ئاسىيانىڭ مەركىزى» 100 - بەت. تۈركىستان خەيرىيەت جەمىيىتى. قاھىرە. 1945 - يىل (ئەرەبچە).

(37) موھەممەد ئەمىن ئىسلامى «ئىسلام دىيارى بولغان تۈركىستان توغرىسىدا ھەقىقەتلەر». 15 - بەت. ئەرەب باسمىخانىسى. جىددە. 1964 - يىل (1384 - ھىجرى). (ئەرەبچە).

(38) بەدرىددىن . ل. «جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى ۋە ئۆتمۈشتىكى تارىخى». 52 - بەت. ئىنشا نەشرىياتى. لىۋان. 1975 - يىل. (1394 - ھىجرى). (ئەرەبچە).

(39) تۈڭ جاڭچى «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى» 171 - 172 - بەتلەر. مۇتىنكو نەشرىياتى. ھىگو. 1966 - يىل. (ئىنگلىزچە).

(40) فوربىس ئاندرېۋ. د. ۋ. «جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە ئۇرۇش خومار مۇستەبىتلەر» (1911 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە شىنجاڭ جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسىي تارىخى». 247 - بەت. كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى. كامبرىج. 1986 - يىل. (ئىنگلىزچە)

(41) روسابى موررىس «جۇڭگو ۋە ئىچكى ئاسىيا 1368 - مىلادىدىن بۈگۈنكى كۈنگىچە قەدەر». تامس ئاند ھىدسون نەشرىياتى. 220 - 221 - بەتلەر. لوندون. 1975 - يىل. (ئىنگلىزچە).

(42) لاتتىمور ئوۋىن «ئاسىيانىڭ مەھۋىرى (ئوقى)، شىنجاڭ ۋە جۇڭگو، روسىيەلەرگە تۇتاشقان ئىچكى ئاسىيا چېگرىسى». ئا. م. س. نەشرىياتى. 64 - بەت. نيۇيورك. 1975 - يىل. (ئىنگلىزچە).

(43) يۇقارقى كىتابنىڭ 63 - بېتىگە قارالسۇن.

(44) يۇقارقى كىتابنىڭ 74 - بېتىگە قارالسۇن.

(45) يۇقارقى كىتابنىڭ 115 - بېتىگە قارالسۇن.

# II بۆلۈم

## جۇڭگونىڭ شەرقى تۈركىستانغا كەلگەن كۆلەملىك ئادەم يۆتكەش ھەركىتى

# بىرىنچى باب

## مۇستەملىكىچىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىش تۈزۈمى ۋە خەنزۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى

بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن شەرقىي تۈركىستاننى، ئۇنىڭ خانى بەدەۋلەت ياقۇپ بەگ 1878 - يىلى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ئۇنى بېسىۋېلىپ جۇڭگوغا قوشۇۋالغان ۋە بۇ رايوننىڭ نامىنى 1884 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مەخسۇس قارار بىلەن شىنجاڭ (يېڭى ئىشغال قىلىنغان جاي) غا ئۆزگەرتىۋەتكەن ھەمدە شۇ قارار بىلەن ئۈرۈمچىنى بۇ رايوننىڭ پايتەختى قىلىپ بەلگىلىگەن ①.

مانا بۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىسلامىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق، ئائىلە - يۇسۇنلىرىنى، مەدەنىيەت پەرۋەر ئىنقىلاۋى روھىنى بۇنىڭدەك يوقىتىش ئۈچۈن، بۇ رايوندا ئۇلارنى خەنزۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى باشلانغانلىقىنىڭ ئېلانى ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى خاندانلىقى مۇشۇ ۋاقىتتىن بۇرۇن، شەرقىي تۈركىستاننى بۇ،
② جۇڭگو چېگراسىنىڭ تاشقىرىدىكى بېسىۋېلىنغان جاي. بۇ، جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئەمەس. بۇ رايوننىڭ ئاھالىسى جۇڭگو خەلقىگە قەتئىي ئوخشىمايدىغان ئۇيغۇر خەلقىدۇر. بۇ رايوننى باشقۇرۇش ئىشلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ دېگەن ئېتىبار بىلەن بۇ رايونغا ئەسكەرى كۈچ ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن. بۇ رايوننىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىۋاسىتە چىڭ سۇلالىسى خان ئوردىسىغا قاراشلىق ئىدى. بۇ رايوننى

ئىدارە قىلىش ئىشلىرىمۇ پەقەت مانجۇلار ئىگىلىگەن (3). شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىق كۈچ ئىشلىدىكى ئەسكەر قوماندانلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇنىڭدا ئىلى، تارباغاتاي، ۋە يەركەندىكى ئۈچ دانە ئەسكەر باشلىقى، ئۇچ، ئۈرۈمچى، تۇرپان، گۇچېڭ ۋە شىخودا تۇرۇشلۇق بەش دانە ھەربىي قوماندانى، قەشقەر، قاراشەھەر، كۇچار، ئاقسۇ، خوتەن ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىرىدە تۇرۇشلۇق ئالتە دانە ۋالى، ۋە قۇمۇل، ئۇچ شەھەرلىرىدە تۇرۇشلۇق ئىككى دانە ياردەمچى ۋالى قاتارلىقلار ياردەملىشەتتى. بۇ ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى مانجۇلاردىن ئىدى. ئەمما شەھەرلەرنى باشقۇرۇش ئىشلىرى بولسا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولاتتى (4).

شەرقىي تۈركىستاننى چوڭگونىڭ باشقا رايونلىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان بۇنداق ئەسكىرى ھۆكۈمرانلىق، ھېچ ۋاقىت مەخسەتسىز بۇنداق بولغان ئەمەس. بەلكى بەمەخسۇس سىياسەتنى بوجايدا تەتبىق قىلىش توغرىسىدىكى ئۈچ مەسىلە ئېتىبارى بىلەن ئىدى:

1 — شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئاسارەتتىكى خەلق بولغاچقا، ئۇلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىن توسۇش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنى كۈچلۈك ئەسكىرى دائىرىلەر ئاستىدا تۇرغۇزۇش.

2 — ئۇلار (يەنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى) تەرەققىي تاپمىغان خەلق بولغاچقا شەھەر باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىغا تاپشۇرۇش.

3 — شەرقىي تۈركىستان بولسا، مۇستەملىكە ئاستىدىكى رايون. بۇ رايوندىن مالىخانىچە پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرى پەقەت مانجۇلار ئۈچۈن مەخسۇس بولۇش (5).

لېكىن بۇنداق ئەسكەر كۈچىگە تايىنىپ ئىدارە قىلىش سىياسىتى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش ۋە ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى يوقىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. چۈنكى مانجۇلار بۇ رايوندا پارچىلاش سىياسىتى ۋە تەھدىت سېلىپ قورقۇتۇش سىياسەتلىرىنى قوللاندى. بۇ سىياسەتلىرى ئادەتتە ھەر قانداق بىر مۇستەملىكىچى كۈچ، باشقا خەلقلەرنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن زۇلۇمغا قارشى ئىنقىلاب ۋە قوزغىلاڭلارنى كۆپ قوزغىغان خەلقلەردۇر (6).

ھەتتا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئېيتىشلىرىدا : «ئۇيغۇرلار ھەر ئون بەش يىلدا بىر قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ ۋە ھەر ئوتتۇز يىلدا بىر قېتىم قانلىق ئىنقىلابىي ئېلىپ بارىدۇ» دېگەن مەسەل تەكرارلىنىدۇ ⑦.

مۇسۇلمانلار ھەرتۈرلۈك ئازاب-ئوقۇبەت، چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم ۋە ئۇ-مۇسىبەتلىك ئۆلتۈرۈلۈشلەر تۈپەيلىدىن بەكمۇ ئازىيىپ كەتكەندى.

جىڭ ئۆركۈۋغا ئوخشاش جۇڭگو يازغۇچىلىرىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشلىرىچە ⑧ : شۇ ۋاقىتتا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى بىر مىليونغا يەتكەن ⑨. شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى جوڭغارىيە رايونىنىڭ ئاھالىسى ھەقىقەتەن قۇرۇتۇلۇپ يوقىتىۋېتىلگەن.

بۇ ھەقتىكى جۇڭگو تارىخ ماتېرىياللىرى، سانى 600 مىڭغا يەتمىگەن جوڭغارىيە ئاھالىسىدىن 50% كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ⑩، 20% كىشىنىڭ كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلگەنلىكى، 20% كىشىنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيەگە قاچقانلىقى ۋە 10% كىشىنىڭ شەھەرلەردە ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ ⑪.

شۇنىڭدىن كېيىن مانجۇلار جوڭغارىيەنى كونترول قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇ جايغا مەجبۇرى ئادەم كۆچۈرۈشكە باشلىدى. شۇ ۋاقىتتا ئىچكىرى شەھەرلەردىن مانجۇلار، مانجۇرىيەدىكى ئامۇر رايونىدىن سولون، شىبە قەبىلىلىرى، موڭغۇلىيەدىن موڭغۇل، داغۇر قەبىلىلىرى، گەنسۇ، شەنشى ئۆلكىلىرىدىن خۇيزۇلار جوڭغارىيەگە يەرلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭدەك، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا ئون مىڭلارچە مۇسۇلمانلارنى كۆچۈردى. شۇ ۋاقىتتا يەتتە قەشقەر شەھىرىدىن 12 مىڭ ئادەم كۆچۈرۈلگەنىدى ⑫ مانا شۇ ۋاقىتتا كۆچۈرۈلگەن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ يالانغان جايلىرىدا «تارانچى» دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلغان.

بۇ ھەقتە، مۇشۇ دەۋردە ئاشكارىلانغان كۆپلىگەن ئېچىنىشلىق قىسسىلەر بار. ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى «نۇزۇگۇم» قىسسىسى ⑬ بولۇپ، ئۇنى موللا بىلال ئۆزىنىڭ 1875-يىلى يازغان «دەرمۇلوك چىن» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلغان. بۇ ئەسەرنى روسىيەلىك شەرقشۇناس پانتۇسوۋ قازان شەھىرىدە نەشر قىلغان ⑭.

مانجۇلار شەرقىي تۈركىستاننى، جۇڭگودىكى يالدىغان ۋە قولغا ئېلىنغان جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى ئىشقا سالىدىغان بىر بازغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. جۇڭگونىڭ ھەممە جايلىرىدىن، ھەرتۈرلۈك جىنايەتلەر بىلەن قولغا ئېلىنغان

بارلىق جىنايەتچىلەر، شەرقى تۈركىستانغا كىرىش يولى بولغان گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ پايتەختى لەنجۇغا ئەۋەتىلەتتى. ئۇ جايدىن شەرقى تۈركىستاندىكى ھەربىي قوشۇنلارغا ئەۋەتىلەتتى. جىنايەتچىلەرنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان تاختايغا «Wai Ch'ien» (چېگرا رايونىغا ئەۋەتىلگۈچى) دېگەن خەت يېزىلاتتى.

جىنايەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆي ئوچاقلىق بولۇپ [?]، قايتىپ كېتىش ئۈمىدلىرى كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتىشقا رۇخسەت قىلمايتتى. بەلكى شۇ جايدا مەڭگۈلۈك يەرلىشىپ قېلىشقا مەجبۇرلايتتى. ئۇلاردىن مۇسۇلمانلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئىنقىلابى ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇشتا ياردەم بەرگەنلەرگە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئالاھىدە ياخشى مۇكاپات بېرىلەتتى ۋە تۈرمىلەردىن كەچۈرۈم قىلىناتتى (15).

چىڭ سۇلالىسى مانجۇ خاندانلىقى، خەنزۇلارنىڭ شەرقى تۈركىستانغا بېرىپ، ئۇ جايدا يەرلىشىپ قېلىشىغا رۇخسەت قىلمايتتى. ھەتتا خەنزۇ تىجارەتچىلىرىمۇ ئۇ جايغا مەخسۇس يول خېتى بىلەن كىرەلەيتتى. ئۇلار شەرقى تۈركىستانغا كىر-گەندىن كېيىن ئىشلىرىنى چاققان يىغىشتۇرۇپ، تېز چىقىپ كېتىشلىرى شەرت ئىدى. ئۇلارنى يوشۇرۇپ قالغان يەرلىك خەلق قاتتىق جازاغا تارتىلاتتى (16). چۈنكى مانجۇ خاندانلىقى شەرقى تۈركىستاننى ئۆزلىرى يالغۇز سوراپ - يېيىشنى ئويلىغانىدى.

لېكىن مانجۇلارنىڭ بۇ خىل سىياسىتى، جۇڭگودىكى دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇ رايوننى جۇڭگونىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ھەممىنى بىر خىل سىياسەتتە باشقۇرۇشتىن ئىبارەت تاماللىرىنى يوققا چىقاراتتى [?].

چۈنكى مانجۇلارنىڭ بۇ سىياسىتى بويىچە شەرقى تۈركىستان جۇڭگودىكى مانجۇ خاندانلىقىغىلا مەخسۇس بولۇپ، بىۋاستە خان ئائىلىسىگە باغلىناتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇلارنىڭ شەرقى تۈركىستانغا كۆچۈشى چەكلەنگەنىدى.

زو زوڭتاڭ بۇ قانۇننى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنقىلابلىرىنى باستۇرۇش ۋە ئۇلارنى چىڭ سۇلالىسى مۇستەملىكىچىلىرىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن يارىمايدۇ دېگەن قاراشتا كەلدى - دە، مىلادىنىڭ 1877 - يىلى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى مەركەزگە يازغان خېتىدە، تۈركىستاندىكى ئەسكەر كۈچىگە يۆلىنىپ ئىدارە قىلىدىغان قانۇننى ئېلىپ تاشلاشنى ۋە ئۇ يەردىكى نۇقتىلارنى تەتبىق قىلىشى بىلەن بىرگە تۈركىستاننى جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىدا جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىپ ئۆزگەرتىشنى

مەركەزنى ئەلەپ قىلىدۇ (17).

ئۇلار مۇنۇلار ئىدى:

1) ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتىلدى، ئۇنىڭغا بىرلا ۋالىي تەيىنلەش ئارقىلىق باشقا ئەمەلدارلارنى، ھاكىملارنى ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش. تۈركىستان رايونىنى ئۆلكىلەرگە بۆلۈپ، خەنزۇ ياكى مانجۇ ئەمەلدارلىرىنى ئۇ جايلارغا ئىگە قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەرلىك خەلق ئەمەلدارلىرىنى، مەھەللە ئىشلىرىدا، ئالۋاڭ - سېلىقلارنى يىغىشتا رەسمىي كادىر ئەمەس بەلكى ياردەمچى سۈپىتىدە ئىشلىتىش (18).

2) ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن، ياكى نوپۇس كۆپلىكى نورمال ھالدىن ھالقىپ كەتكەن رايونلاردىكى جۇڭگولۇقلارنى شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ ئەكىلىپ، بۇ جايدا يەرلەشتۈرۈش (19). تىجارەتچىلەرنى، ھەربىي سەپتىن قايتقانلارنى، ئىشتىن قالغان شەھەرلىكلەرنى تۈركىستاندا يەرلىشىپ قېلىشقا تەشەببۇس قىلىش (20). ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا يېڭى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنقىلابىنى باستۇرۇش، رۇسىيەنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش، ئەسكەرلەرنى بۇ جايدا يەرلەشتۈرۈش ۋە بۇ رايوننىڭ زىرائەت، مەدەن، چارۋا بايلىقلىرىنى سۈمۈرۈش ئۈچۈن، بۇ رايوننى جۇڭگولۇق كادىرلارنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى قىلىش (21).

3) خەنزۇ مەكتەپلىرىنى بۇ رايوندا ئېچىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىغا خەنزۇ مەدەنىيىتى ۋە خەنزۇ تىلىنى تارقىتىش. مۇسۇلمانلار ئارىسىغا خەنزۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئادەتلىرىنى سىڭدۈرۈش (22). يەرلىك خىزمەت ئورۇنلىرىدا خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىنى قوللىنىش. چۈنكى زوزۇڭتاڭنىڭ خىيالىدا، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەھۋاللارنىڭ ئوخشاشماسلىقى، مۇسۇلمانلارنى خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشكە، جۇڭگو مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا ۋە بۇددىست كۇڭچيۇ - شىپىسىنىڭ پرىنسىپلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە ماسلىشىشقا تارتىپ ئاپىرىدىغان قارىشى بار ئىدى (23).

ئەمەلىيەتتە، زوزۇڭتاڭنىڭ قاتتىق تۈرتۈپلىشى سەۋەبى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ بېسىۋېلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆلكىگە ئايلاندۇرۇلۇشى، كۆك زېمىننىڭ

ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرتنى ئۆلكىگە
ئايلاندۇرۇشقا مەسلىھەت» ناملىق ئەسىرىدە غەربىي يۇرتتىكى شەھەرلەرنى
جۇڭگوغا قوشۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. چۈنكى جۇڭگونىڭ شەرقى بىلەن جەنۇبىي
دېڭىزلار بىلەن قورشالغان بولۇپ، پەقەت غەرب تەرەپكىلا كېڭەيتىشكە بولاتتى.
ئۇلارنىڭ ئاچكۆز تاماسى بۇ چەكلىمىگىلا توختىمىدى، بەلكى ۋېي يۈەن ئۆزىنىڭ
«ئىمپىراتورلۇقنىڭ ھەربىي مەيىيەتلىنىشى دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە،
قىرغىزىستان، قازاقىستان، ئافغانىستان، كەشمىر ۋە باشقىلارنى جۇڭگوغا
قوشۇۋېلىشنى خىيال قىلغانىدى. چۈنكى بۇ دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي
بايلىقلىرى ۋە زىرائەت ھوسۇل ئىمكانىيىتى بىلەن جۇڭگودىكى زېمىن تارچىلىقنى
قامداپ كېتەلەيدىغان كەڭرى زېمىنلارغا ئىگە ئىدى (24).

ليۇ جىن تاڭ (1884 - 1892) شەرقى تۈركىستاننىڭ باش ھاكىملىق
مەنسىپىنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاۋمۇ (1892 — 1897)
كەلدى. بۇ ئىككىسى شەرقى تۈركىستاندا جۇڭگو ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ۋە
بۇ رايوندا مۇسۇلمانلارنى خەنزۇلارغا مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي تەرەپلەردىن ئاسسى-
مىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلىدى، بۇ رايوننى جۇڭگونىڭ
بىر ئۆلكىسى قىلىپ بېكىتىشكە خېلى كۈچ چىقاردى. بۇ پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ
ئىسلامىي ئەنئەنىلىرىنى بۇزۇلسا يوقىتىپ، ئۇلارنى جۇڭگوغا پەقەتلا قوشۇ-
ۋېلىشتىن ئىبارەت بىرخىل خام خىيال ئىدى.

تۈركىستاندا خەنزۇچە مەكتەپلەرنى ئېچىش، خەنزۇ مەدەنىيىتى ۋە خەنزۇ تىلىنى
تارقىتىش پەقەت دۆڭگانلارنىڭ، مۇسۇلمانلار خەلقلىرىنىڭ قېنىنى تۇرۇپ
شورۇشلىرى ئۇچرىدى دەسلەپكى زورۇرىيەتلىرى ئىدى. تۈركىستانلىقلارنىڭ
جۇڭگو زىيالىيلىرىدا بويسۇندۇرىدىغان دەرىجىدە تونۇلىرىشنى ئىستىۋاد قىلىشقا ھېچ
بىر ئۈمىد يوق ئىدى. يەرلىك ھۆكۈمەت، دىنىي مەكتەپلەرنى يېڭىدىن قېلىپ
ئۇ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ھەربىي-كادىرلارنىڭ، دىنىي تەلىم
ئېلىپ بېرىشلىرىدا ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەتلىنىشىنى مادادى
موكاپاتلار ۋە مەنىۋى قىزىقتۇرۇشلار ئارقىلىق تەشەببۇس قىلىشتا مەخسۇس
مەبلەغ ئاجراتتى. شۇنىڭدەك دەرسلىك كىتابلارنى بېسىش ئۈچۈن ئورۇن مەھبەد
مەتبەخانا قۇردى، لېكىن بۇ مەكتەپلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقبال قىلىشى

ناھايىتى ئاز بولدى . ھۆكۈمەتنىڭ كىشىلىرى ئۇ مەكتەپلەرگە مەجبۇر قىلىشى
مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ قوزغىدى ۋە قارشىلىقنى ئاشۇردى ،
مۇسۇلمانلار دىنىي مەدرىسەلەرگە بېرىپ ئوقۇشنى ھۆكۈمەتنىڭ مەكتەپلىرىگە كىرىشتىن ئەلۋەتتە ئەۋزەل بىلەتتى . مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى خەنزۇ مەكتەپلىرىگە بېرىشنى مەجبۇرىي بولغانىدى . باي كىشىلەر ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىگە ئۆز بالىلىرىنى ئەۋەتىشنىڭ بەدىلىگە كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ، ئۇلارنى ئەۋەتەتتى (25). ۋەزىيەت تېخىمۇ قىيىنلاشقاندا بەزى مۇسۇلمانلار غەربىي تۈركىستانغا كۆچۈپ كېتىشكە ۋە قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلىدىن ئەنگلىيە گىراژدانلىقىغا ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى (26).

شۇنداقتىمۇ ئۇ جايدىكى ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىنىڭ سانى 1911 - يىلى 620 گە يەتكەن ، ئۇ مەكتەپلەردە خەنزۇ ، مانجۇ ۋە ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ 16 مىڭ ئوقۇغۇچى بار ئىدى (27)

جۇڭگولۇقلار ئىسلام شەھەرلىرىدە خەنزۇ مەكتەپلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى سالدۇردى . مۇسۇلمانلارنى ، بۇ ئىبادەتخانىلارنى زىيارەت قىلىشقا ۋە بۇددا راھىبلىرىنى ئۇلۇغلاشقا مەجبۇر قىلدى .

جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان يازغۇچىسى ليۇ دەنچى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «زوزوڭتاڭ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن باشلاپ ، ياڭ زېڭشىننىڭ ئاخىرقى دەۋرى 1911 - يىلغىچە بۇ جايدا ئىبادەتخانا بىنا قىلىش ھەرىكىتى گۈللەندى . تۈركىستاندىكى 21 ئىبادەتخانا ئەڭ چوڭ ئىبادەتخانىلاردىن بولۇپ سانىلاتتى» (28).

شۈبھىسىزكى ، بۇ ئىبادەتخانىلارنى بىنا قىلىشتىكى ئاساسىي مەقسەت ، مۇسۇلمان-لارغا جۇڭگولۇقلارنىڭ دىنىي ، ئىجتىمائىي تەسىرىنى سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگولۇقلار ، ياۋروپالىقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان خىرىستىئان دىنىنى تارقىتىش ھەرىكەتلىرىنى قوللايتتى .

بۇلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكلىرى ، قەشقەر ۋە ياركەنتتىكى شۋېتسىيە خىرىستىئان دىنىنى تارقىتىش گۇرۇپپىسى ، ئۈرۈمچىدە ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئەنگلىيەلىكلەر تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان ئىچكى جۇڭگو گۇرۇپپىسى ئىدى . بۇلارنىڭ قانا قىلىق ئادىمى جۇدۇچ ھېچبىر ئىدى .

شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى جۇڭگولۇقلارغا مەدەنىي ، ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن

ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى. گەرچە تۈركىستانىنى ئۆلكىگە ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭدا شەھەر ئىدارىلىرىنى تەشكىل قىلغاندىن كېيىن باشلانغان بولسىمۇ، جۇڭگولۇق خەنزۇلارنى شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ ئەكىلىپ، ئۇ جايدا يەرلەشتۈرۈش سىياسىتى پەقەت تۈركىستانىنى خەنزۇلار بېسىۋالغاندىن كېيىن يۈز بەردى.

زوزوڭتاڭ، جۇڭگونىڭ ھەر بىرىگە ئوخشىمىغان ئۆلكىلىرىدىن جۇڭگولۇق ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلىلىرىنى كۆچۈرۈپ تۈركىستانغا ئېلىپ كېلىپ بۇ جايدا يەرلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زوزوڭتاڭ تيەنجىنلىك تىجارەتچىلەرگە تۈركىستاندا ئىقتىسادىي ئىمتىيازنى بەردى. چۈنكى ئۇلار زوزوڭتاڭنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىش ھەركىتىدە ئۇنى خەۋەر بىلەن تەمىنلىگەنىدى. ئۈرۈمچىدە جۇڭگولۇق موھا-جىرلارنى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇلارنى يەرلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى بېجىرىشى ئۈچۈن ئالاھىدە موھاجىر ئىدارىلىرى قۇرۇلدى.

1897-يىلى شەرقىي تۈركىستان دايۇسىنىڭ باش ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەن جاۋ يىجىننىڭ شىپادىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ دايۇن ھەر ئايدا 300 دىن 400 گە قەدەر جۇڭگولۇق موھاجىرلارنى كۈتۈۋالاتتى (29).

جۇڭگولۇق موھاجىرلار ئومۇمەن ئۆز يۇرتلۇق جۇڭگو ئەمەلدارلىرى بىلەن زىچ ئالاقىدار بولدى. زوزوڭتاڭنىڭ ۋاقتىدىكى موھاجىرلارنىڭ كۆپ قىسمى خۇنەن ئۆلكىسىدىن ئىدى. چۈنكى زوزوڭتاڭنىڭ يۇرتى خۇنەن ئىدى. ھەتتا بۇ ھەقتە «شەرقىي تۈركىستان خۇنەن مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن تولدى» دېيىلگەن (30).

بۇ دايۇنغا ياڭ زېڭشىننىڭ دەۋرىدە يۈننەنلىك موھاجىرلار كۆپ كۆلەمدە كېلىپ يەرلەشتى. چۈنكى ياڭ زېڭشىننىڭ يۇرتى يۈننەن ئىدى.

جىن شۇرېننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ يەرلەشكەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى گەنسۇلۇقلار(دىن) بولدى. چۈنكى جىن شۇرېننىڭ يۇرتى گەنسۇ ئىدى.

شۇنىڭغا ئوخشاش، جۇڭگو ھۆكۈمدارلىرى تۈركىستان خەلقىنىڭ زىرائەتلىك، مول زېمىنلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ جۇڭگولۇق موھاجىرلارغا ئېلىپ بېرىشتە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئەسكىرىي ئورۇنلىرىنى ئىشقا سالغانىدى.

بۇ ھەقسىزلىكلەر ھەققانىي موسۇلمانلارنىڭ غەزىپىنى ئۆرلەتتى، ئۇلارنى

ئۆچمەنلىكىنى ئاشۇراتتى . بۇ يەردە بۇ ئىشلار مۇسۇلمانلارنى مۇستەبىد ، زالىم ھۆكۈمرانلىققا قارشى ئىنقىلاب قىلىشقا ئۈندەيتتى . 1930 - يىلىدىكى قۇمۇل ئىنقىلابى زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىستىبدادىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىدى ، ئۇ چاغدا جىن شۇرېن گەنسۇدىن كەلگەن 80 كىشىلىك جۇڭگو مۇھاجىر- لىرىنى ، قۇمۇل رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىنى مۇسادىر قىلىپ تارتىۋالغان زېمىنلارغا يەرلەشتۈرۈشنى قارار قىلغان ئىدى . مۇسۇلمانلار بۇ قارارنى رەت قىلىپ قوزغالغان (31) .

جۇڭگونىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىگە ۋە خەلقنىڭ مەدەنىي ، ئۆرپى ۋە دىنىي ئەنئەنىلىرىنى يوقىتىشقا قارىتا قارشىلىقلار پۈتۈن تۈركىستاندا ئومۇميۈزلۈك قانات يايغان ئىدى . مۇسۇلمانلار ھۆكۈمەتنىڭ مەكتەپلىرىگە بېرىپ ئوقۇشنى قوبۇل قىلمىدى . مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى ۋە ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى دىنىي ئەسەرلەرگە ئەھتىمام بېرىشكە باشلىدى . ئابدۇقادىر داموللام يېڭى ئۇسۇلدا دىنىي كىتابلارنى تەلىپ قىلدى ۋە بىلىمسىزلىككە قارشى كۈرەش قىلىشنى تەرغىب قىلدى (32) . تۈركىستانلىقلار 1907 - يىلى تۈركىيەدىن ئۇستازلارنى كەلتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن دارىل مۇئەللىمىنلەر ئۈچۈن ئىنستىتۇت ئاچتى (33) . مۇسۇلمانلار جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ يەردە ئادەم يەرلەشتۈرۈشتىكى سىياسىي غەرەزلىرىنى چۈشىنىپ يەتتى .

1930 - يىلى قۇمۇلدا كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلابمۇ پۈتۈن تۈركىستان خەلقىنى ئەركىنلىك ئۈچۈن قوزغىلىشقا ئۈندىگۈچى ئۇچقۇن پارتىلىغان ھەل قىلغۇچ ئىنقىلاب ئىدى . ئۇ چاغدا سەكسەن كىشىلىك جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ تۈركىستان زېمىنىدا يەرلەشتۈرۈلۈشى ۋە قۇمۇلدىكى ھەربىي قوماندان چاڭ مۇنىڭ ئۇيغۇر قىزىغا نىكاھلىنىشقا زورلىغانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن ئىدى (34) . شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ھېلىقى قوماندانىنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، تۈركىستاننىڭ ھەممە جايلىرىدا جۇڭگو مۇستەبىدلىرىگە قارشى ئىنقىلابلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى . ھەتتا 1933 - يىلى قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى ، لېكىن شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى ، شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ

جۇڭگو مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلدى. 1942 - يىلى بىلەن 1943 - يىلى ئارىسىدا خوتەن ئۆلكىسىدىن كەلگەن 4000 دىن ئارتۇق خەنزۇ مۇھاجىرلىرىنىڭ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى گۈچۈڭ (3.5) ناھىيىسىگە يەرلەشتۈرۈلگەنلىكى سەۋەبى بىلەن يەنە قايتىدىن باشلاندى.

ئاخىرى بۇ ئىنقىلاب سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلىشىشى ۋە 1946- يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىلار ھۆكۈمىتى ئارىسىدا بىتىمنامە ئىمزالاش بىلەن تۈگىدى.

بۇ بىتىمنامە، مۇسۇلمانلارنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى ئىختىيار قىلىشتا سايلام ھوقۇقى بولۇشى، تەلىم ئورۇنلىرىدا ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىش، يەرلىك ھەربىي تەشكىل قىلىش، شەرقىي تۈركىستاندىكى بۈتۈن رايونلاردا دىنىي ئەركىنلىكنى بېرىش، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە، ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەتلەرگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئىشسىز قالغان تۈركىستان يەرلىكلىرىگە ئىشلەش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايوندا، كوممۇنىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن بۇرۇنقى ئەسكىرىي كۈچىگە يۆلىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى پەقەتلا ۋاقىتلىق ئىدى. شەرقىي تۈركىستان شۇ ۋاقىتتىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدە ئىمارەت قىلىپ ھايان كۆرۈنىدىغان بىر رايون ئىدى. جۇڭگولۇق ئىشچى، خىزمەتچىلەر ۋە مۇھاجىرلارنىڭ بىرىنچى مەقسىتى تۈركىستاندا بايلىققا ئىگە بولۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ۋەتەنلىرىگە تېزدىن قايتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ رايوندا تۇرۇشلىرى ۋاقىتلىق ئىدى. ئۇلار بۇ جايدا مەڭگۈلۈك تۇرۇپ قېلىشنى خىياللىرىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. ھەمىشە ئۆزلىرىنى ۋاقىتلىق مۇھاجىر دەپ ھېسابلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان نەپرەتلىرى ۋە ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن ئىنقىلابلار جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئۆلۈملەرگە ئۇچرىشىلىرى، ئۇلارنىڭ بۇ رايوندا يەرلىشىپ قېلىشلىرىغا ئىشارەت بەرمەيتتى. پەقەت ئاز قىسمىدىكىلەرلا يەرلىشىپ قالغان. ئۇ مەزگىللەردە تۈركىستاننىڭ ھېچ بىر رايونىدا

جوڭگولۇقلار ئاھالە ساننىڭ كۆپلۈكىنى تەشكىل قىلمايتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بارلىق غايىسى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىش، ئاندىن كېيىن ئۆز ۋە- تەنلىرىگە قايتىپ كېتىشتىن ئىبارەت ئىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بولسا بۇ رايوندا يەرلىك قالغان موھاجىرلارنى ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن تالادەك مۇكاپاتلايتتى، ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن ئىمتىيازلىقىنى بېرەتتى شۇنداقتىمۇ، موھاجىرلارنىڭ بارلىق غايىسى ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتىپ كېتىش ئىدى. كوممۇنىستلار ھۆكۈمرانلىقىدىن بۇرۇن، شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت بولغان جوڭگولۇقلار ۋاقىت ئەسكەر، ئىشچى-خىزمەتچى ۋە تىجارەتچىلەردىنلا ئىبارەت ئىدى.

1940-يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى جوڭگولۇقلارنىڭ سانى 202 239 كىشى بولۇپ، بۇ سان پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئاھالە ساننىڭ ئاران 5.44% نى تەشكىل قىلاتتى (36).

# ئىككىنچى باب

## جوڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئادەم كۆچۈرۈش ھەرىكىتى

مانجۇلار ۋە خەنزۇلار تۈرك موسۇلمانلىرىغا، ئۇلار موسۇلمان خەلقلەر، ئۇلارنىڭ ۋەتىنى گاھىدا «خۇي جىياڭ» دەپ ئاتىلىدىغان تۈركىستان رايونىدۇر دېگەن قاراش بىلەن قاراپ كەلگەنىدى (37).

ئۇلارنىڭ مەقسىتى موسۇلمانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە شەھەرلىرىنى مۇستەملىكە ئاستىدا ئىدارە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قېنىنى شورىشىتىن ئىبارەت ئىدى.

مىلادىنىڭ 1934-يىلىدىن 1944-يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە، سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى شىڭ شىسەي ئىلگىرىلىش ۋە تەرەققىي

تېپىش شوئارى بىلەن ھوقۇقىغا چىقىپ ، سوۋېت ئىستىلاسىنىڭ ، پەقەت
ئۆزلىرىنىڭ خەلقلىرى ئۈستىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ۋە ئۇلارنى ئىستىبداد قىلىشتىن
ئىبارەت سىياسىي دەۋاسى - ھەۋۇسىگە يولسىپ ، بىر مىللەت كىشىلىرىنى
بىر قانچىلىغان قەبىلە ۋە تائىپىلەرگە بۆلۈش ئارقىلىق ئۇلارنى پارچىلاش
سىياسىتىنى يۈرگۈزدى (38) . ئۇ ، شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنى ئۇن تۆت
مىللەتكە بۆلدى .

ئۇلار تۆۋەندىكىچە :

(1) ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ، ئۆزبېك ، تاتار ۋە تارانچى قاتارلىقلار بولۇپ ،
بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان تۈرك قەبىلىلىرىدۇر .

(2) تاجىك ، بۇلار ئەسلىدە ئىران پارسلىرىدىن بولۇپ ، كېيىنكى
دەۋرلەرگە كەلگەندە تۈركلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن . بۇلار
تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدا ، ئافغانىستاننىڭ ۋە پاكىستاننىڭ شىمالىدا تارقاق
ياشاپ كەلمەكتە .

(3) موڭغۇل ، موڭغۇللارنىڭ كۆپ قىسمى مانجۇ خاندانلىقى دەۋرىدە شەرقىي
تۈركىستانغا مۇھاجىر بولۇپ كېلىپ ، يەرلىشىپ قالغان .

(4) مانجۇ ، سولون ، شىبە دېلىپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مانجۇ خاندانلىقى
دەۋرىدە تۈركىستانغا يۆتكەپ كېلىنگەن مانجۇ قەبىلىلىرىدۇر .

(5) خۇيزۇ ، خۇيزۇلار مانجۇ خاندانلىقى دەۋرىدە گەنسۇ ۋە شەنشى
ئۆلكىلىرىدىن تۈركىستانغا يۆتكەپ كېلىنگەندى .

(6) خەنزۇ ، خەنزۇلار خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن تۈركىستانغا كەلگەن
كادىرلار ، ئەسكەرلەر ، جىنايەت بىلەن ياللانغانلار ۋە تىجارەتچىلەردىن
تەركىب تاپىدۇ .

(7) رۇس ، رۇسلار 1917 - يىلى رۇسىيەدە پارتلىغان ئۆكتەبىر
كوممۇنىستىك ئىنقىلابىدىن كېيىن تۈركىستانغا ئىلتىجا قىلىپ كەلگەن
خەلقلەردۇر .

شۇنىڭ شىسەيى بۇ خىل پارچىلاش ئارقىلىق ، مۇستەملىك ھۆكۈمرانلىقى
شەرقىي تۈركىستانغا سوزۇلغان ، قىلىپ يۆتكەپ ئەكەلگەن خەنزۇ ۋە باشقا
مۇھاجىرلارنىڭ بۇ رايوندا پارلىقىغا ۋە ئۇلارغىمۇ باشقا يەرلىك خەلقلەرگە

ئۆزگەرتىش جەريانىدا ياشاش ئەركىنلىكى بولىدىغانلىقىغا . قانۇنى ئىشلىتىشنى
ئىپادىلەپ كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ .

ئۇنىڭدىن كېيىن 1949 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھاكىمىيەتنى ئالدى . كوممۇنىستلارنىڭ يالغاندىن بەرگەن ۋەدىلىرىگە ئالدىنىپ كەتكەن يەرلىك كوممۇنىستلارنىڭ بارلىق ئۈمىدى شۇنداق ئىدىكى : جۇڭگولۇقلار ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ، جۇڭگودىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇش ھوقۇقىنى بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ بەرگەن ۋەدىسىگە ھەرقانداق ئەمەل قىلمىدى . ياكى ھېچ بولمىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرىگە ئوخشاش جۇڭگو بىلەن بىرلىكى ئىتتىپاق قۇرارمىز دەپ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا ئىشەنچ قىلىشقان ئىدى .

1931 - يىلى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى 1 - قۇرۇلتايدا ماقۇللانغان جۇڭگو سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ دەستۇرىدا مۇنداق دېيىلگەن : «جۇڭگو سوۋېت ھۆكۈمىتى ، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جۇڭگودىن تامامەن ئايرىلغانلىقلىرىنى ئېلان قىلىپ مۇستەقىل ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىش ھوقۇقى بار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ . موڭغۇل ، ئۇيغۇر ، تىبەت ، مياۋزۇ ، چاۋشيەنزۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق مىللەتلەر ئۆز تەقدىرلىرىنى تاللاشتا مۇتلەق ھوقۇققا ئىگە دۇر . ئۇلارنىڭ جۇڭگو سوۋېت بىرلىكى جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇلۇشى ياكى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تۇرغۇزۇشتا ئۇلارنىڭ مۇتلەق ئىختىيارى باردۇر . سوۋېت ئىتتىپاقى قانۇنلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى ، ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تەشەببۇسكار بولۇشى لازىم» (39) .

لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدىكى يەرلىك كوممۇنىستلارنىڭ قولايلىق يارىتىپ بېرىشلىرى نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاندا جۇڭگو قوشۇنلىرىنى ئەكىرىپ ، ھاكىمىيەتنى ئالغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ باشتىكى ۋەدىلىرى ۋە بۇرۇنقى سىياسەتلىرى تامامەن ئۆزگەردى ۋە يوشۇرۇپ كەلگەن يامان نىيەتلىرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى . شۇ ۋاقىتتا ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەتەن پەرۋەر زاتلارنى بىر - بىرلەپ يوقىتىشقا كىرىشتى . ئۇلار ئالدى بىلەن 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئايروپىلان ھادىسىسى

يولەيدى دېگەن ئويدۇرما باھانە بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى، قاتارلىق مۇنەۋۋەر ۋەتەنپەرۋەر رەھبەرلەرنى ئۇچۇقتۇردى (40) .

ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان دىنى ئالىملارنى، مۇتەپەككۇر زاتلارنى ۋە ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭدى، سوتسىيالىستىك پارتىيىگە قارشى چىقتى دېگەندەك ئۇيناس تۆھمەتلەر بىلەن قارىلاپ تۈرمىلەرگە تاشلىدى . ھەتتا كوممۇنىستلارنىڭ ۋەھشى، رەھىمسىز سىياسىتى ئاستىدا خەلقنىڭ نارازىلىق سادالىرى ئاڭلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، كوممۇنىستىك پارتىيە، شەرقى تۈركىستان مەسىلىسى 1952 - يىلى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى ئازسانلىق ئۇرۇقلار ئۈچۈن ئاپتونوم رايون تەشكىل قىلىش دېگەن پروگراممىسى بويىچە ھەل قىلىشنى قارار قىلدى (41) .

بۇنىڭدىن مەقسەت تۆۋەندىكىچە ئىدى :

1) شەرقى تۈركىستاننى جۇڭگوغا قوشۇۋېلىشى . ئۇنى جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ ئېتىبارغا ئېلىشى . شەرقى تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ، سىنىڭ شىسەي ( ئازسانلىق مىللەتلەر دەپ ) بولغىنى بويىچە جۇڭگودىكى باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر بىلەن بىرگە ئازسانلىق بولۇپ يېشىشى .

2) شەكلى جەھەتتە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى بېرىشى . شەرقى تۈركىستاننى ئۇجايدىكى بارلىق ئازسانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بۆلۈش يەنى تەقسىم قىلىشى . ئەمما خەنزۇ مىللىتىنى بۇ تەقسىمگە كىرگۈزمەسلىك . چۈنكى ئۇلارنى ئاساسلىق ( ئاكا ) مىللەت دەپ ئېتىبار قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ئوبوزلارنى كۈچەيتىش .

3) شەرقى تۈركىستانغا جۇڭگولۇقلارنى يۆتكەش ۋە ئۇجايغا يەرلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش ھەم كېڭەيتىش . چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپىيىشىدە ئادەم سانىنىڭ كۆپ بولۇشى، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنى ۋە ئىجتىمائى جەھەتلەردىن قېنىنى سۈمۈرۈشتە ۋە ئۇلارنىڭ ( يەنى ئازسانلىقلارنىڭ ) سىياسى، ئىقتىسادى ئىشلىرىنى كونترول قىلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئىمكانىيەت ياردىپ بېرەتتى .

1955 - يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېگەن نام

بىلەن ئاتلىنىپ كەلگەن بۇ رايونغا جۇڭگو سىياسىتىنىڭ تەتبىق قىلىنىشى پەقەت خەنزۇلارنى ئاپتونوم رايون ئورگانلىرىدىكى ھاكىمىيەتلەرگە ئىگە قىلىش ۋە بۇ رايونغا كۆپلەپ ئادەم يەرلەشتۈرۈش، ھەم ئاپتونوم ئوبلاستلىرى ۋە ناھىيىلىرىنىڭ ئىدارە مەركەزلىرىگە بولغان خەنزۇ ھۆكۈمرانلىقىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچى بويىچە باردى. ھۆكۈمران سىياسەت، پەقەت جۇڭگونىڭ سىياسىي مەنپەئەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈنلا ئىشلەپ كەلدى. خەلقنىڭ ھاكىمىيەتتە ئىشتىراك بولۇش ۋە ئۆز ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشتىن ئىبارەت ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئۇلارغا بەرگىلى بولمىدى. ئۇ پەقەت يالغاندىن بېرىلگەن ۋەدە بولۇپ چىقتى.

سەيپىدىن ئەزىزى 1957 - يىلى دېكابىردا سۆزلىگەن نۇتقىدا مۇنداق دېگەن: «ئاپتونومىيە ھوقۇقى بويىچە ئىجرا قىلىنىشى تولۇق قىلىنغىنى يوق. يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئاپتونومىيە قانۇنىدىن خەلق ئانچە رازى بولالمايۋاتىدۇ. ئۇلار، بۇ رايوننىڭ باشلىقلىرىنى ئىشلەپ كېتىشكە زادى يول قويمايدۇ. بېيجىڭدىكى ھۆكۈمەت مەركىزى تەرىپىدىن ماقۇللانغان بارلىق قارارلار ۋە يەرلىك ھاكىمىيەت، جۇڭگولۇقلار بىلەن يەرلىك كوممۇنىستلارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە باغلىنىدۇ. سىياسەتتە باراۋەر بولۇشقا ۋەدە قىلىنغان خەلق، جۇڭگولۇق خەنزۇلارنىڭ كونترول قىلىشى ۋە ئىدارە قىلىشى ئاستىدا يوقسۇنۇپ قالماقتا» (42).

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەسكەرلەرچە يۈرۈش ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتىنىڭ 1884 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان مەخسۇس قارار بويىچە، ئۇنى جۇڭگوغا قوشۇۋېتىپ ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى شەھەر ھاكىمىيىتى قارىملىق باشقۇرۇش سىياسىتىگە ئۆزگەرتىلىشى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستىقلالىدىكى تارىخىي ئىنكارلىق بولسا، بۇ رايوننى 1952 - يىلى 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەخسۇس قارارى بويىچە ئاپتونوم رايونغا ئۆزگەرتىلىشى، پەقەت تۈركىستاندا جۇڭگو مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىستىبدادى ھۆكۈمرانلىقىنى تۇرغۇزۇشى، ئۇيغۇرلارنى خەنزۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى تەتبىق قىلىش، بۇ رايوندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامىي ۋە مىللىي ئەنئەنىلىرىنى يوقىتىۋېتىش ۋە بۇ جايدا جۇڭگولۇقلارنى كەڭ - كۆلەملىك يەرلەشتۈرۈش قارىملىق تەدرىجىي ھالدا

بۇ رايوننىڭ كۆپ سانلىقىنى تەشكىل قىلىپ، يەرلىك مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ قېنىنى شورىشىتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

جوڭگولۇقلارنىڭ تۈركىستاندىكى يەرلىشىش نىسبىتى:

( 1 - جەدۋەل )

## جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن بۇرۇنقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاھالىسى.

1940 - يىلى ئۇرۇمچىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشى بويىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاھالە سانى 3 730 061 دەپ ئېلان قىلىنغان. مانا بۇ ساننىڭ ئىچىدە شەكىللەندۈرگەن تۆۋەندىكى مىللەتلەرنىڭ ئايرىم سانى بويىچە مۇنداق:

| | |
|---|---|
| ئۇيغۇر | 2 900 173 |
| قازاق | 318 716 |
| قىرغىز | 65 248 |
| تارانچى | 41 307 |
| ئۆزبېك | 7 966 |
| تاتار | 4 601 |
| تاجىك | 8 867 |
| خۇيزۇ | 92 146 |
| موڭغۇل | 63 018 |
| مانجۇ | 670 |
| سولون | 9 203 |
| شىبە | 2 489 |
| رۇس | 13 408 |
| خەنزۇ | 202 249 |

بولاردىن مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 3 439 024 بولۇپ، ئومۇم ساننىڭ 92.2% نى تەشكىل قىلسا، بولارنىڭ ئارىسىدىن تۈرك مۇسۇلمانلىرى 89.72% نى تەشكىل قىلىدۇ. بولاردىن خاس ئۇيغۇرلار 77،75% نى تەشكىل قىلىدۇ. خەنزۇلار ئومۇم ساننىڭ 5،42% نى، خۇيزۇلار

2.47% نى، ئۇلاردىن باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر 2.38% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئازسانلىقلارنىڭ ئومۇمى سانى 88 788 گە يېتىدۇ.

( 2 - جەدۋەل )

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى جەريانىدا تۈركىستاندىكى ئاھالە سانىنىڭ كۆپىيىشى

| 1982 | | 1973 | | 1967 | | 1953 | | 1946 | | مىللەتلەرنىڭ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| نىسبىتى | سانى | نىسبىتى | سانى | نىسبىتى | سانى | نىسبىتى | سانى | نىسبىتى | سانى | ناملىرى |
| 45.48 | 5949 | 51.11 | 5100.000 | 61.79 | 4 943 000 | 74.8 | 3640 000 | 76.48 | 3067804 | ئۇيغۇر |
| 6.91 | 903335 | 7.02 | 700 000 | 8.04 | 643 000 | 9.7 | 475 000 | 10.93 | 438575 | قازاق |
| 0.86 | 112973 | 1.05 | 105 000 | 1.19 | 95 000 | 1.4 | 70 000 | 1.63 | 65923 | قىرغىز |
| 1.096 | 12433 | 0.18 | 18.000 | 0.22 | 18 000 | 0.2 | 8000 | 0.26 | 10224 | ئۆزبېك |
| 0.032 | 4106 | 0.09 | 9.000 | 0.1 | 8 000 | 0.1 | 5000 | 0.14 | 5614 | تاتار |
| 0.20 | 26484 | 0.20 | 20.000 | 0.23 | 19 000 | 0.3 | 15 000 | 0.21 | 8210 | تاجىك |
| 4.36 | 570789 | 3.01 | 300.000 | 3.39 | 271 000 | 4.1 | 200 000 | 2.48 | 99 607 | خۇيزۇ |
| 0.071 | 9137 | | | | | | | 0.02 | 762 | مانجۇ |
| 0.21 | 27364 | 0.36 | 36 000 | 0.41 | 33 000 | 0.4 | 20 000 | 0.27 | 10626 | شىبە |
| | | | | | | | | 0.06 | 2506 | سولون |
| 0.93 | 121830 | 1.86 | 180 000 | 2.04 | 163 000 | 2.5 | 120 000 | 1.49 | 59686 | موڭغول |
| 0.021 | 2662 | 0.10 | 10 000 | 0.20 | 16 000 | 0.3 | 13 000 | 0.48 | 19392 | رۇس |
| 40.41 | 5286032 | 35.08 | 3500 000 | 22.39 | 1 791 000 | 6.1 | 300 000 | 5.45 | 222401 | خەنزۇ |
| 0.42 | 54 333 | ? | ? | ? | ? | 0.2 | 8 000 | ? | ? | باشقىلار |
| 100% | 13081633 | 100% | 9978000 | 100% | 8000000 | 100% | 4 874 000 | 100% | 4011330 | جەمى |

( 3 - جەدۋەل )

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى جەريانىدا
تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تۆۋەنلەش نىسبىتى

| مۇسۇلمانلار ۋە غەيرى مۇسۇلمانلار | 1953 | | 1967 | | 1973 | | 1982 | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | سانى | نىسبىتى | سانى | نىسبىتى | سانى | نىسبىتى | سانى | نىسبىتى |
| تۈرك مۇسۇلمانلىرى | 4213000 | 86.44 | 5726000 | 71.57 | 5952000 | 59.65 | 7011931 | 53.60 |
| موڭغۇل مۇسۇلمانلىرى | | | | | | | | |
| دۇڭشياڭ مۇسۇلمانلىرى | ? | ? | ? | ? | ? | ? | 40318 | 0.31 |
| خۇيزۇ مۇسۇلمانلىرى | 200 000 | 4.11 | 271 000 | 3.39 | 300 000 | 3 | 570789 | 4.36 |
| ئومۇمىي مۇسۇلمانلار | 4413000 | 90,55 | 5997 000 | 74.96 | 6252000 | 62.65 | 7623038 | 58.27 |
| غەيرى مۇسۇلمانلار | 461 000 | 09.45 | 2003000 | 25.04 | 3726000 | 37.35 | 5458595 | 41.73 |
| ئىجمالىي سان | 4874000 | 100% | 8 000 000 | 100% | 9978000 | 100% | 13081633 | 100% |

1985 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مىللەتلەر كومىتېتى تەرىپىدىن تەييارلانغان ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاھالىسى 4 330 000 ئىدى، ھازىر (1985 - يىلى) بۇ سان 13 مىليوندىن كۆپرەككە كۆپەيدى. يەنى بۇ رايوننىڭ ئاھالىسى 30 يىللىق كوممۇنىستىك پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىدىن كېيىن ئىككى ھەسسە كۆپەيدى. دېمەك بۇ رايوننىڭ يىللىق كۆپىيىش نىسبىتى ھەر يىلى 6,33% دىن بولۇپ كەلدى.

بۇ دەرىجىدە كۆپىيىشنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 - ھەر يىلى نورمال دەرىجىدە 2,1% تەبىئىي كۆپىيىشى.

2 - ئۈزلۈكسىز جەرياندا نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ جايدا يەرلىشىشى. چۈنكى «جۇڭگولۇقلار بۇ رايونغا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئون مىڭلارچە كېلىپ يەرلەشتى»(44) بۇ كىتاب شەرقىي تۈركىستاندىكى خەنزۇدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەر يىلى 2% بىلەن 4% نىڭ ئارىسىدا تەبىئىي ئۆسۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ لېكىن بۇ كىتاب (ئۇنىڭ 20 - سەھىپىسىدىكى جەدۋەلدە) ئۇيغۇرلارنىڭ 1949 - يىلى بىلەن 1979 - يىللار ئارىسىدىكى تەبىئىي ئۆسۈش نىسبىتىنىڭ 1,92% ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى ئوچۇق

كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ 1949 - يىلدىكى ئاھالىسى 3 291 145 ئىدى بولۇپ، 1979 - يىلى 5 641 593 گە يەتكەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسلىق مىللەتتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ يوقىرى (1.92%) ئۆسۈش نىسبىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئۆسۈش نىسبىتى (2.1%) گە قارىغاندا ئىنتايىن تۆۋەندۇر ۋە پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئومۇمىي ئۆسۈش نىسبىتى (2.25%) قارىغاندىمۇ ناھايىتى بەك تۆۋەندۇر.

بۇ خىل ئەھۋال كىشىنى، نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىي ئۆسۈش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ؟ ۋە نېمە ئۈچۈن، قايسى سەۋەبتىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بولۇپمۇ خۇسۇسەن خەنزۇلارنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى ئۆرلەپ كېتىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشىغان بەزى سوئاللارنى سوراشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

بۇ كىتاب (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ناملىق كىتاب) جۇڭگولۇقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىشىش نىسبىتى ياكى يىللىق ئۆسۈش نىسبىتى توغرىسىدا ئوچۇق مەلۇمات بەرمىگەن. لېكىن بۇ كىتابىمىزدىكى 2- نومۇرلۇق جەدۋەلدە، جۇڭگولۇق خەنزۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۆسۈش مىقدارى مۇنداق دەپ بايان قىلىنىدۇ: خەنزۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئومۇمىي سانى 1946 - يىلى 222 401 گە يەتكەن بولسا، 1953 - يىلىدا كەلگەندە 300 000 غا يەتتى. كېيىن 1967 - يىلى 1 791 000 غا، 1973 - يىلى 3 500 000 غا ۋە 1986 - يىلىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ سانى 5 534 560 گە يەتتى. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 1986 - يىلى 1946 - يىلدىكى ئومۇمىي سانىدىن ئاران بىر ھەسسە ئاشقان. جۇڭگولۇقلارنىڭ سانى بولسا شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىدە 24 ھەسسە ئاشقان.

ئىسلامىي تەرەپتىن ئالغاندا 1946 - يىلى تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 90.55% نى، غەيرىي مۇسۇلمانلار 9.45% نى تەشكىل قىلاتتى. كېيىن 1982 - يىلغا كەلگەندە بۇ نىسبەت ئۆزگىرىپ، مۇسۇلمانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 58.27% نى غەيرىي مۇسۇلمانلار بولسا 41.73% نى تەشكىل قىلىدىغان بولدى. يەنى تۈركىستاندىكى غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 1946 - يىلدىكى سانىدىن سەككىز ھەسسە ئاشقان. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ

سانى 1946 - يىلدىكى ساندىن 2 ھەسسە تۇغۇلىدىغان . رەسمىي تەكشۈرۈشلەر ، ئۆتكەن بىر قانچە يىللار داۋامىدا خوڭگولۇقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىشىشى ياكى تەبىئىي ئۆسۈش نىسبىتى توغرىسىدا بىرگە ئېنىق ئىپادە بېرەلمەيدۇ . ئەمما شۇنىڭدا قىستۇ ، يولداش دىرىكتۇر ھەر-يىللىق نورمال ئېشىش مىقدارىنى %2,25 بويىچە ھېسابلاش ئارقىلىق تۇغۇلىدىكى ئىزاھلارنى بېرىدۇ : (45)

| يىللار | تەبىئىي ئۆسۈشى | يەرلىشىشى | خوڭگولۇقلارنىڭ ئومۇمىي كۆپىيىشى |
|---|---|---|---|
| 1953 - يىلنىڭ يېرىمىدىن 1957 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە | 32 035 | 253 000 | 285 035 |
| 1957 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە | 68 991 | 697 307 | 766 298 |
| 1963 - يىلدىن 1967 - يىلى ئاپرېلغىچە | 134 083 | 305 382 | 439 465 |

بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق بىلگىلى بولىدىكى ، شەرقىي تۈركىستاندا خەنزۇلارنى يەرلەشتۈرۈش ھەركىتى ، كوممۇنىستلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىنلا باشلىنىپ تەدرىجىي ھالدا كۆپىيىپ ئەڭ ئەۋجىدە 1968 - يىلى بىلەن 1973 - يىللىرى ئارىسىدا ، شەرقىي تۈركىستاندا يەرلەشتۈرۈلگەن خەنزۇلارنىڭ يىللىق يەرلىشىش سانى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 250 مىڭغا يەتكەن . رەسمىي كىتابىدا كۆرسىتىلگەندەك ، يىلدا %2.1 تەبىئىي ھالدىكى ئېشىش مىقدارى بويىچە ھېسابلىغاندا تۇغۇلىدىغاندەك ئىپادىلىنىدۇ:

| يىللار | تەبىئىي ئۆسۈشى | يەرلىشىشى | ئومۇمىي كۆپىيىشى |
|---|---|---|---|
| 1968 - يىلدىن 1973 - يىلغىچە | 418 485 | 1 290 515 | 1 709 000 |
| 1974 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە | 863 780 | 922 752 | 1 786 532 |

بۇ جەدۋەل ئارقىلىق ، خوڭگولۇق خەنزۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يىللىق يەرلىشىش سانىنىڭ ئازلىغاندا يىلىغا يۈز مىڭغا يېتىدىغانلىقىنى ئوچۇق

بىلىۋېلىش ئانچە قىيىن ئەمەستۇر. شەرقىي تۈركىستاندىكى يوشۇرۇن مۇھاجىر-
لارنىڭ سانى 1982 - يىلىدىكى رەسمىي تەكشۈرۈشلەرنىڭ ئىپادىسىگە ئاساس-
لانغاندا $4\frac{1}{2}$ مىليوندىن ئاشىدۇ. لېكىن ھەقىقىي مۇھاجىرلارنىڭ بۇ ھەقتە
بەرگەن ئىپادىسى مۇشۇ سانىنىڭ (يەنى $4\frac{1}{2}$ مىليوننىڭ) ئىككى ھەسسىسىنى
تەكىتلەيدۇ (46). يوشۇرۇن مۇھاجىرلارنىڭ بۇ رايونغا مۇنداق كەڭ كۆلەمدە زىچ
يەرلەشتۈرۈلۈشى، شەھەر، رايونلاردىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئاز قېلىپ
كېتىشلىرىدە ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈردى، تۈركىستان
شەھەرلىرىنى خىتاي شەھەرلىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.
مەسىلەن:
1984 - يىلى، سانى 170 000 غا يەتكەن قاراماي ئاھالىسىنىڭ
% 80 نى خىتايلار تەشكىل قىلغان (47). 1984 - يىلى، شىخەنزىدىكى
خىتايلار، سانى 119 000 غا يەتكەن شىخەنزە ئاھالىسىنىڭ % 90 نى
تەشكىل قىلغان (48). 1984 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 1600 000 غا
يەتكەن ئومۇمىي سانىنىڭ % 74 نى خىتايلار تەشكىل قىلغان (49).
ئەمما خىتايلار 1946 - يىلى پۈتۈن ئۈرۈمچى ئاھالىسىنىڭ ئاران % 6 نى
تەشكىل قىلاتتى.
1944 - يىلى ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلغان ھىندىستانلىق دىپلوماتنىڭ
مۇنۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ مەزگىللەردە پەقەت ئاز قىسىمدىكى خىتايلارنى
باشقا خىتايلارنى بازارلاردىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايتتى. خىتايلار ئايرىم
بىر مەھەللىدە ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىپ ياشايتتى. ئەمما يېزىلاردىكى كەنتلەردە
ئۇ جايلاردا مۇسۇلمانلارنى ئۇچراتماق ناھايىتى قىيىن بولاتتى» (50).
تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئانا يۇرتى - شەرقىي تۈركىستانغا چەت سۇلالىسى خاندان-
لىقىنىڭ مانجۇ، موڭغۇل، خىتاي قەبىلىلىرىنى سۈرگۈن قىلىپ ئەكېلىپ،
بۇ جايدا يەرلەشتۈرۈشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ئاز سانلىقلار ھازىرقى
كۈندە تېخىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. تۈركىستاندىكى مىللەتلەرنىڭ
سانى ئون ئۈچكە يەتكەندىن كېيىن، 1982 - يىلىغا كەلگەندە، بۇ
رايونغا كەڭ كۆلەمدە داۋاملىق يەرلەشتۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ سانى
كۆپىيىپ 47 گە يەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دۇڭگانلار، موڭغۇل مىللىتى-

لىرىمۇ بار. بۇ مىللەتلەرنىڭ ئاھالە سانى 40318 گە يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا گەنسۇ ئۆلكىسىدىن كەلگەن سالار (ئەسلى تۈرك) مىللىتى،
بولارنىڭ سانى 2945 كە يېتىدۇ، تىبەتتىن كەلگەن تىبەتلىكلەر، بولارنىڭ
سانى 1990 غا يېتىدۇ، گۇاڭشى، يۈننەن ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن
چۇاڭ مىللىتى، بولارنىڭ سانى 4495 گە يېتىدۇ، ئىسمىلىرى بايان
قىلىنمىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ ئومۇمى سانى 4585 گە يېتىدۇ (51)

1982 - يىلىدىكى رەسمى تەكشۈرۈشتە، شەرقى تۈركىستاننىڭ
ئاھالە سانى 13 081 633 گە يەتكەن، بولارنىڭ ئىچىدىن ئەرلەرنىڭ
سانى 6 732 792 گە يېتىپ ئومۇمى سانىنىڭ 51.47% نى تەشكىل
قىلغان. ئاياللارنىڭ سانى 6 348 841 گە يېتىپ، ئومۇمى سانىنىڭ
48.53% نى تەشكىل قىلغان. ئاھالىلار زىچلىقى جەنۇبتا 48% گە،
شىمالدا 38% گە، شەرقتە (ئۈرۈمچى بىلەن قومۇلدا) 14% گە يېتىدۇ.

شەرقى تۈركىستاننىڭ ئومۇمى ئاھالىلار زىچلىقى 1964 - يىلى ھەر بىر
كۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا 4.1 ئادەم گە توغرا كەلگەن بولسا، 1982 - يىلى
ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا 8.1 ئادەمگە توغرا كېلىدىغان بولدى.
تۈركىستاندا دېھقانلار ئومۇمى ئاھالىنىڭ 28.4% نى تەشكىل قىلىدۇ.

بىلىمسىزلەر (يەنى ئوقۇمىغانلار) ئومۇمى سانىنىڭ 29.9% نى تەشكىل
قىلىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 33.8% نى، تولۇقسىزنى
پۈتتۈرگەنلەر 17.5% نى، تولۇقنى پۈتتۈرگەنلەر 6.4% نى تەشكىل
قىلىدۇ. ئالى مەكتەپ (داشۆ) نى پۈتتۈرگەنلەر، ھەر يۈزنىڭ
ئاھالە ئۈچۈن 467 دىن ھېساپلىغاندا ئاران 0.5% نى تەشكىل قىلىدۇ.
(52)

# ئۈچىنچى باب

## جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرى ۋە كېلىپ چىقىشلىرى

1949-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شەرقى تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىقىنى باشلاش بىلەن بىرگە، ئۇ جايغا جۇڭگولۇق مۇھاجىرلارنى ئىنتايىن زىچ ھالدا كۆپ كۆلەملىك يەرلەشتۈرۈشنى باشلىۋەتتى. چاڭ جيېشىنىڭ كوممۇنىستلارغا (53) تەسلىم بولغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن 1952-يىلىدىكى پاتشەن ئورۇشىدىن كېيىن يېتىپ كېلىنگەن ئەسكەرلەر، شەرقى تۈركىستاندا يەرلەشكەنلەرنىڭ دەسلەپكى ئاۋانگارتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ سانى 200 000 دىن ئارتۇق ئىدى (54).

1954-يىلى ئالتە ئۆكتەبىر كۈنى ئېچىلغان نۇسۇسى يىغىنىدا، شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتى بۇ رايونغا چوڭ كۆلەملىك مۇھاجىرلارنىڭ كېلىشىدىن نارازى بولغان. ھەتتا شۇ يىغىندا «رايونلۇق ھۆكۈمەت، شەرقى تۈركىستانغا كەلگەن مۇھاجىرلارنىڭ سانىنى بىلمەيدۇ» دېيىلگەن (55). شۇ يىلىسى، شەرقى تۈركىستاندىكى چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈشكە ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن ياشلارغا ۋە ئىشچىلارغا ھەربى مەشق ئۆگىتىمىز دېگەننى باھانە قىلىپ جۇڭگونىڭ ئوخشاشمىغان رايون، شەھەرلىرىدىن كۆچكەن ھەربى گورۇپپىلىرى بۇ رايونغا كېلىشكە باشلىدى (56). بۇ رايونغا ئورۇنلاشقان مۇھاجىرلار، شەندۇڭ ئۆلكىسى، گەنسۇ ئۆلكىسى، ئەنخۇي ئۆلكىسى، خۇبېي ئۆلكىسى، خۇنەن ئۆلكىسى ۋە بېيجىڭ، نەنجىڭ، شاڭخەي، چۇڭچىڭ شەھەرلىرىدىن ئىدى. پەقەت خۇنەن ئۆلكىسىدىن كەلگەن مۇھاجىرلارنىڭ سانى 40 000 كىشىلىك دېھقانلار ئىدى. ئۇلار 1956-يىلى ئاقسۇ، ماناس ۋە قارا-شەھەر رايونلىرىغا يەرلەشتۈرۈلدى (57). گەنسۇ، خۇبېي ۋە ئەنخۇي ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن مۇھاجىرلارنىڭ سانى 1959-يىلى 100 مىڭدىن كۆپرەك ئىدى (58). ھەقىقەتەن، شەرقى تۈركىستاندا يەرلەشتۈرۈلگەن جۇڭگولۇقلارنىڭ يۇرتلىرىنى بىلىپ بولۇش ۋە ھەر بىر رايوندىن كەلگەنلەرنىڭ سانىنى ئېلىپ بولۇش ئىنتايىن قىيىن ئىش ئىدى. خۇسۇسەن، شەرقى

تۈركىستانغا تاجاۋۇزچى قوشۇن شەكىللەپ داۋاملىق تۈردە ئۈزۈلدۈرمەستىن كۆچۈش ھەرىكىتى جۇڭگونىڭ پۈتۈن رايونلىرىدىن قوزغالغانىدى. لېكىن شەرقى تۈركىستانغا ئادەم كۆچۈرۈش ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كۆرۈلگەن نەتىجىسىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن شائىخەي شەھرىنى مىسالغا ئېلىشقا بولىدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شائىخەيلىكلەرنى شەرقى تۈركىستانغا كۆچۈرۈش ھەرىكىتى 1954 - يىلى كۆپۈنچىلىرى شائىخەيدىكى فۇدەن داشۆسىنى پۈتتۈرۈپ چىققان 6300 شەخسنى تۈركىستانغا ئەۋەتىش بىلەن باشلاندى (59).

شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق چوڭ كۆلەمدە كۆچۈش ئەھۋالى 1955 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلدى. ھەتتا شەرقى تۈركىستاندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە ئىشقا ئورۇنلارمۇ بۇ جايغا كۆچۈپ كەلگەن جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار بىلەن تولۇپ كەتتى.

1959 - يىلى تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈلگەن 100 مىڭ كىشىلىك جۇڭگو مۇھاجىرلىرىدىن 60 مىڭ شەخس شائىخەيلىك ياشلار ئىدى (60).

شائىخەيدە چىقىدىغان «كەچلىك يېڭى خەلق گېزىتى» نىڭ 1963 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى سانىدا، شۇيىلى شائىخەي ئاھالىلىرىدىن شەرقى تۈركىستانغا ئەۋەتىلگەن ياشلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرغان: «ئۇلاردىن 1300 شەخس خۇاڭپۇ رايونىدىن بارغان بولۇپ، بۇ ياشلار شىنجاڭ كومونىستىك ياشلار دېھقانچىلىق كومىتېتىدا ئىشلەيدۇ. مىڭدىن ئارتۇق ياش شۆاڭكۇ رايونىدىن بولۇپ، بۇلار 9 - نومۇرلۇق غالىبىيەت دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەيدۇ. 700 دىن كۆپرەك ياش لۇۋەن ئاھالىسىدىن بولۇپ، بۇلار 18 - نومۇرلۇق غالىبىيەت دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەيدۇ. يەنە 1200 ياش چىڭئەن ئاھالىسىدىن ئەۋەتىلگەن».

1963 - يىلى 25 - ئۆكتەبىر كۈنى شەرقى تۈركىستاندا 30 000 دىن كۆپرەك شائىخەيلىك ياشنىڭ بارلىقى ئېلان قىلىنغان.

1965 - يىلىنىڭ باشلىنىشى بىلەن شائىخەيدىكى ئىشچىلار ئىدارىسى ۋە ياشلار كومىتېتى تەرىپىدىن شەرقى تۈركىستاندىكى شائىخەيلىك ياشلارغا 50 000 دانىدىن ئارتۇق تەبرىك ئاتكرىتكىسى ئەۋەتىلدى (62).

1965 - يىلىنىڭ باشلىرىدا 70 000 شائىخەيلىك ياشنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى

ئىشلەپ چىقىرىش، قورۇلۇش ئارمىيىسى ئەترىتىدە ئىشلەيدىغانلىقى، 60000 ياشنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا ئىشلەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

1972 - يىلى شەرقىي تۈركىستانغا مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئەسناسى (1966 - يىلى بىلەن 1972 - يىللىرى ئارىسى) دا شاڭخەي، ۋۇخەن ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن 450 000 ياشنى يەرلەشتۈرۈش ئىشلىرى بېجىرىلدى (63).

ھەقىقەتەن بۈگۈنكى كۈندە شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغۇچى سىياھەتچىلەر ھەرقانداق جايدا ۋە ھەرقانداق بىر ئورۇندا شاڭخەيلىك يوقا جوڭلارنى ئۇچرىتالايدۇ. ئۇلار مەيلى دۆلەت ئورگانلىرى بولسۇن مەيلى ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى بولسۇن، مەيلى تىجارەت ئورۇنلىرى بولسۇن مەيلى زىرائەتچىلىك مەيدانلىرى بولسۇن مەيلى سەييۇلەك جەلتى، سائەت تۈزىتىش ۋە داش ئوچاقلاش ئورۇنلىرى بولسۇن ھەرقانداق ئورۇندا ئۇچرايدۇ. ھەتتا شەھەر - كوچىلارنى تازىلايدىغان خادىملارنىڭ ئارىسىدىمۇ شاڭخەيلىكلەرنى تېزلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. دېمەك شاڭخەيلىكلەر تۈركىستان شەھەرلىرىگە خۇددى چۈمۈلىلەردەك يېغىپ كەتكەن.

شەرقىي تۈركىستاندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلىنىشى بىلەن بىرگە جۇڭگو ھۆكۈمىتى شاڭخەي بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىلىرىنى باغلاشنىڭ يوللىرىنى ئاختى، بۇ ھەرىكەت 1951 - يىلى ئۈرۈمچىدە شاڭخەينى مەركەز قىلغان جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ بىر شۆبىسىنى ئېچىش ئارقىلىق باشلاندى. شۇ يىلنىڭ ئاۋالقى يېرىمىدا شاڭخەينىڭ تۈركىستان بىلەن بولغان تىجارىتى، شاڭخەينىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ئومۇمىي تىجارىتىنىڭ % 4 نى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى جۇڭگو ئاھالىسىغا نىسبەتەن % 0.8 نى تەشكىل قىلىدۇ (64).

بۇ مۇناسىۋەتلەر بىلەن شاڭخەي، شەرقىي تۈركىستاننىڭ زىرائەت ئىشلەپ چىقىرىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلار 1955 - يىللار ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستاننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت قورۇقچى داۋالىرىنى قانات يايدۇردى (65). ئەمەلىيەتتە بولسا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەخسىتى شاڭخەيلىكلەرنى تۈركىستانغا كەڭ كۆلەمدە يۆتكەپ ئاچىقىپ، ئۇلارنى بۇ جايدا يەرلەشتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

1958 - يىلدىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش پىلانى ئەسناسىدا، شەرقىي

تۈركىستاندىكى ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئارمىيىسى بىلەن شاڭخەي شەھىر-
ىدىكى ئۇلارنىڭ سەپداشلىرى ئارىسىدا ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىش پائالىيەتلىرى
پارلىغىلى كەلدى. بۇ ئىشلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، شاڭخەيدىكىلەرگە،
سېلىت، ئىگىن، پۇل قاتارلىق يېمەكلىك ماددىي بۇيۇملارنى تەقدىم قىلىش
ئارقىلىق، ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشكە تەشەببۇسكارلىق قىلىش ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، تۈركىستاندىكى ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئارمىيىسى
شاڭخەيلىكلەرنىڭ تۈركىستانغا كېلىشىنى تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن، كومېدىيە
ئەترەتلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ شاڭخەيگە باردى. كومېدىيە ئەترىتى،
شاڭخەيلىك ياشلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قاقاسلىق
سەھرا ئەمەسلىكىگە ۋە سوتسىيالىستىك خىزمەت ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆز
پەرزەنتلىرىنى قۇربان قىلىشلىرىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىگە قايىل ئەتتۈرۈشتە
زور كۈچلىرىنى چىقاردى (66).

1964-يىلى شاڭخەيلىك مۇھاجىرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈش،
ۋە يەرلىشىش ئىشلىرىغا تولا يېقىن بولسۇن ئۈچۈن تۈركىستاندا ۋە شاڭخەيدە
ئالاھىدە شۇلار ئۈچۈن يېڭىلىق ئىدارىلەر قۇرۇلدى. شاڭخەيلىكلەرنىڭ
تۈركىستانغا كۆچۈشى مەجبۇرىي ئىدى، شۇ ۋاقىتتا شاڭخەينىڭ بارلىق
رايون ۋە كوچىلىرىدە ئىشنى بېجىرىش پونكىتلىرى ئالىقاچان قۇرۇلغانىدى.

بۇ پونكىتلار، كوچىنى رەھبىرى، ياشلار ئويۇشمىسى ئىدارىسىنىڭ
سېكرېتارى، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى، كوچىدىكى خادىملار، مەكتەپ
مۇدىرلىرى ۋە كوچىلاردا قۇرۇلغان ئويۇشمىلاردىكى تەلىم-تەربىيە قىسىملىرىنىڭ
مەسئۇللىرىدىن (تەركىب تاپقان) ئەزالار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى.

مۇھاجىرلار شەرقىي تۈركىستانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش،
قۇرۇلۇش ئارمىيىسى ئەترىتىدىكى مۇھاجىرلار ئىشخانىسى ئۇلارنى كۈتۈۋالدى
ۋە ئۇلارنى خىزمەت، ياتاق ئىشلىرىدىن خاتىرجەم قىلدى (67).

يەرلەشتۈرۈش ھەرىكەتلىرىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇھاجىرلارنىڭ بۇ جايدا
ئورۇنلاشقان بەختلىك تۇرمۇشلىرىنى ماختايدىغان كەڭ كۆلەمدىكى ھەر خىل
ئېلانلار تەگدىشتى. شاڭخەينىڭ ئەنىشى رايونىدىن شەرقىي تۈركىستانغا ئۆز
قىزىنى يوللاشى ئۈچۈن بارغان «لى» ئامىلىك بىر ئائىلە، شاڭخەيدە كۆرسىتىلگەن

كومىدىيەلەردە، قىزىنىڭ ئىنتايىن پاكىزە ھەم ئېسىل تۇرمۇشتا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كىيىنىشى ئالى دەرىجىلىك ياخشا رەخت، يېيىشى ئەڭ ئېسىل شاڭخەيچە تاماق ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئىپتىخار بىلەن سۆزلەپ بېرىدۇ.

شۇنىڭدەك، شەرقىي تۈركىستاندىكى خەنزۇ مۇھاجىرلار لەززەتلىنىۋاتقان بەختلىك، ئېسىل تۇرمۇشلارنى تەسۋىرلەيدىغان نۇرغۇنلىغان ماقالىلار ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن بەزى ياشلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ۋە يېزەنتلىرى بىلەن بىرگە بېرىشقا قىزىقىپ قالدى (68).

بۇ ئىشلارغا يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىھتىمام بېرىشلىرى تېخىمۇ كۈچەيدى. شەرقىي تۈركىستان بىلەن شاڭخەينىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىنى باغلاندۇرۇش ئىشلىرى باشلاندى. شۇ ۋاقىتتا 1965 - يىلى شاڭخەي شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شوجىسى سۇڭ جىچاڭ مۇھاجىرلارنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدى. كېيىن 1966 - يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چېن يى بەزى مۇھاجىر ياشلارنى يوقلاش ۋە ئەھۋال سوراش ئۈچۈن بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى.

1965 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇ ئېنلەي بىلەن چېن يى قاھىرەدىن قايتىشلىرىدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىخەنزە رايونىدىكى بەزى مۇھاجىرلارنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە توختىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇلار شاڭخەيلىك مۇھاجىرلاردىن بىر گۇرۇپ كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا ئالاھىدە يۈز ئاچتى. جۇ ئېنلەي بۇ يىغىندا، تۈركىستاندىكى مۇھاجىرلارنىڭ ھەر كۈنى ۋە ھەر لەھزىدە كومپارتىيەنىڭ ئىنتايىن ئىھتىمام بېرىۋاتقانلىقىنى سۆزلىدى. شاڭخەي گېزىتلىرى جۇ ئېنلەينىڭ، تۈركىستاندىكى تېرىمچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلەۋاتقان شاڭخەيلىك مۇھاجىرلارغا سۆزلەپ تۇرغان رەسىملىرىنى تارقاتتى (69).

شەرقىي تۈركىستاندىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىرلارنىڭ كۆڭۈللۈك خىزمىتى ۋە راھەتلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن ھۆكۈمەت شۇنچە ئىھتىمام بېرىۋاتقان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇنلىرى ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتىش ئۈچۈن تىرىشتى. جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىن كەلگەنلەرنىڭ سانى 1956 - يىلى 23 000 شەخس ئىدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ تارمىقىدىكى بەزى جەڭچىلەر بىلەن، ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتىشنى ئويلايدىغان مۇھاجىرلار ئارىسىدا قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بەردى (70). 1967 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى شىخەنزە

ۋەتەندىن كېيىن مىڭلارچە موھاجىرلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلدى. لېكىن 1967-يىلى 6-ئاينىڭ 2-كۈنى شىنجاڭدىكى شەھەرلىك ئىنقىلابى ۋە بېيجىڭ نەزىرىيىسى، تۈركىستاندىن قايتىپ كەلگۈچىلەرگە شىنجاڭدا تۇرۇش ۋە ياشاش ھەققى بېرىلمەيدىغانلىقى، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن شەرقى تۈركىستانغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇرلاش ھەققىدە قارار چىقاردى. تۈركىستاندىن قايتىپ بارغان موھاجىرلار 1979-يىلى 2-ئايدا بۇ قارارغا قارشى نامايىش قىلدى. كېيىن 1980-يىلى 11-ئايدا ئاقسۇدا 80 000 موھاجىر ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭغا قايتىشلىرى ئۈچۈن نامايىش قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭدىكى داشۇسىنىڭ شوجىسى ۋاڭ جېن 1981-يىلى يانۋار، ماي ۋە ئاۋغۇست ئايلىرىدا شەرقى تۈركىستانغا قايتا-قايتا كېلىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدەك 1981-يىلى دېڭشياۋپىڭنىڭ ئىشلارنى تىنچلاندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىش ۋە موھاجىرلارغا، ئۇلارنىڭ جۇڭگونى مۇدائىيە قىلىشى ئۈچۈن بۇ جايدا تۇرۇشلىرىنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە تۈركىستانغا كەلدى. چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ھەققىدىكى خام خىيالىدىن تېخى ۋاز كەچمىگەن ئىدى.

بۇنداق خاتىرجەمسىزلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شەرقى تۈركىستاندىكى يەرلەشتۈرۈش ئىدارىلىرى ۋە تەلىم تەربىيە ئورۇنلىرىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش ھەم ئىدىيىگە تەلىمنى كۈچەيتىش يولىدىن بۇ ئورۇنلارنىڭ مەسئۇلىيىتى كۈچەيتىلدى (71).

شەرقى تۈركىستاندىكى جۇڭگولۇق موھاجىرلار ئاساسەن يەتتە خىل سەۋەب كىشىلەرگە بۆلۈنىدۇ،

1) مۇنتىزىم ئارمىيە، بۇلارنىڭ سانى 1982-يىلى 2 250 000 گە يەتكەن (72). بۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىشلەپ چىقىرىش. قوراللىق ئارمىيىسى.

2) ئۆكتىشمەنلەر ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان كادىرلار.

3) داشۆ، سەنئەتلەرنى پۈتتۈرگەنلەر بولۇپ، بۇلار شەرقى تۈركىستاندا يەرلەشكەن سىنىپلارنىڭ ئەڭ ئاز سانلىقلىرىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى 1983-يىلى

بۇھىلىدىكىلەردىن شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەنلەرنىڭ سانى ئاران 5000 كىشى بولدى (73).

4) تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى.

5) ئىشسىز قالغان ئىشچىلار 1956 - يىلى بۇھىلىدىكىلەرنىڭ سانى 18000 شەخس بولدى (74).

6) جاپالىق ئىشلىتىش مەيدانلىرىغا مەھكۇم قىلىنغان جىنايەتچىلەر ۋە خەلق دۈشمەنلىرى.

ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى ئارمىيىسىدىن قالسا، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئىشسىزلار، جۇڭگولۇق موھاجىرلارنىڭ زاۋۇت، پابرىكىلاردا، بىناكارلىقلاردا، تېرىقچىلىق مەيدانلىرىدا ۋە تازىلىق ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جىنايەتچىلەرنى شەرقىي تۈركىستانغا پالاشتىن ئىبارەت چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىمپېرىيە سىياسىتى تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە.

1984 - يىلى بىلەن 1986 - يىللىرى ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى جاپالىق ئىشلىتىش مەيدانلىرىغا پالانغان خەنزۇ جىنايەتچىلەرنىڭ سانى 8000 غا يەتتى (75). شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈلۈپ بولغان خەنزۇ جىنايەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى بىر مىليوندىن ئاشىدۇ (76). بۇ جىنايەتچىلەر يەرلىك مۇسۇلمان ئاھالىلار ئارىسىدا ھەرخىل قول ھوۋەرژۇ تىپلىكى ۋە باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان رايونىغا خەنزۇ جىنايەتچىلەرنى ۋە ئىشسىزلارنى كۆپ كۆلەمدە يەرلەشتۈرۈشى ئۇ جايدىكى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ نەپرىتىنى ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن تۈركىستانلىقلار 1985 - يىلى دېكابىردا بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدە شەرقىي تۈركىستاننى جۇڭگولۇق جىنايەتچىلەر ئۈچۈن قاماق مەيدانى قىلىۋېلىشىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ۋە بۇ جايغا جۇڭگولۇقلارنىڭ يەرلەشتۈرۈلۈشىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىپ چوڭ كۆلەمدە نامايىش قىلدى.

# ئىشلەپ چىقىرىش، قۇرۇلۇش ئارمىيىسى

## ئەترەتلىرى

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىست ئىستىبدادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن خۇسۇسەن ۋاڭ جېن ۋە ئۇنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ ئېنماۋلارنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى بىرىنچى كورپۇسنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ ئالاقىداردۇر. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تاۋ جىيۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىغا بىنائەن، شەرقىي تۈركىستانغا ھېچ بىر قارشىلىقسىز ھالدا كىرگەندىن كېيىن، 1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، تەسلىم بولغان 100 000 كىشىلىك گومىنداڭ ئارمىيىسى يىگىرمە ئىككىنچى كورپۇس دېگەن نام بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قوشۇۋېتىش ۋە ئىلى ئارمىيىسى (شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي ئارمىيىسى) نى بەشىنچى كورپۇس دېگەن نام بىلەن ئۇلارغا قوشۇۋېتىش ھەققىدە مەخسۇس قارار چىقىرىلدى. ھەممە بۇ قارار شەرقىي تۈركىستاننى ۋاڭ جېننىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى ھەربىي رايونغا ئايلاندۇرۇپ، ئۈرۈمچىنى ئۇنىڭ قوماندانلىق مەركىزى قىلىپ بېكىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (77). ۋاڭ جېن يېڭى قوماندانلىقنى ئاساسەن ئۆزىنىڭ بىرىنچى كورپۇس قوشۇنلىرىدىن تەشكىل قىلدى. بۇ قوشۇنلىرىنى شىمالغا ۋە شەرققە تارقاتتى. ۋاڭ ئېنماۋ بولسا قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، ئۆز قوشۇنلىرىنى غەربكە ۋە جەنۇبقا تارقاتتى. ئۇلار ئادەم سانى 225 000 غا يەتكەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئەلەشۇۋانى كېڭەيتىش ۋە كۈچەيتىش ئارقىلىق 1950 - يىلى تۈركىستان رايونلىرىنى پۈتۈنلەي قولىغا ئالدى. بۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ جېن مەركەزدە زىرائەت ۋە يەر ئىسلاھاتى مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىنىپ بېيجىڭغا كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاڭ ئېنماۋ دېكابىر 1952 - يىلى، ئىلىدىكى مىللىي ئارمىيىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قوشۇۋېتىش ھەركىتىنى رەسمىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. ئىلى ئارمىيىسىنىڭ سانى 20.000 بىلەن 30 000 لار ئارىسىدا ئىدى. ئىلى ئارمىيىسى 1944 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەرھۇم ئىلىخان تۆرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى

تۈركىستانلىق ئىنقىلابچىلار ئەرسىدىن شەكىللەنگەن مىللىي ئارمىيە ئىدى .
1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي جۇمھۇرىيىتى بىلەن گومىنداڭچىلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن بىتىمنامىدىن كېيىنمۇ بۇ ئارمىيە ئۆز تەشكىلاتلىرىدا بۇرۇنقىدەك ساقلىنىپ قالغانىدى .
1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئايروپىلان ھادىسىسى دېگەن ئويدۇرما تەدبىر ئارقىلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن خالاس تاپقاندىن كېيىن ، بۇ ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى ۋە بەشىنچى كورپۇس دەپ ئاتالدى . بۇ ئارمىيىنىڭ قوماندانلىقى بىۋاسىتە جۇڭگولۇقلارنىڭ قول ئاستىدا بولدى . شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئارمىيىنى يىراق يۇرتلارغا ، يېزىلارغا تارقىتىش ئارقىلىق ، شۇ جايلارنىڭ شەھەر ئىشلىرىدا تەيىنلەندى .
تەبىئىي ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەسلىدىكى ئۇ ۋە باشقا دائىرىلاردىكى ئەسلىي ئورۇنلىرىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئىگىلىدى (78) .
بۇ ھەرىكەتلەردىن كېيىن 1954 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ، مەركەزدىن ، تۈركىستاندىكى 193 000 كىشىلىك خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئىچىدىن 110 000 كىشىلىك ئارمىيىنى ، ئىشلەپچىقىرىش ، قۇرۇلۇش ئارمىيىسىگە ئۆزگەرتىش توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى (79) .
1954 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ، قۇرۇلۇش ئارمىيە ئەترەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ئومۇمىي يىغىنىدا ، بىرىنچى ئەزالىرى تاۋ جىيۇنى ئەزالىرى ئومۇمىي قوماندان قىلىپ تەيىنلەشنى ، ۋاڭ ئېنماۋنى بولسا سىياسىي كومىسسار ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىلىكىگە سايلاشنى تەلەپ قىلدى . شۇنىڭدەك بىرىنچى قىسمىنىڭ قوماندانى جاڭ جۇڭخەننى مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىققا سايلىدى (80) .
بۇ سايلام ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ، قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىقى ۋاڭ ئېنماۋ ۋە ئۇنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - كورپۇستىكى يېقىنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى .
ھەقىقەتتە بولسا ، تۈركىستاندىكى ئازادلىق ئارمىيە ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى بېيجىڭدىكى ، ۋاڭ جېن رىياسەتچىلىك قىلىدىغان زىرائەت ۋە يەر ئىسلاھاتى مىنىستىرلىكىگە بىۋاسىتە باغلاندى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا

بۇ ئارمىيە قىسىملىرى ، بېيجىڭدىكى قوماندانلىق مەركىزىگە بىۋاستە قارايدىغان
شەرقىي تۈركىستان ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىغا كىرگۈزۈلدى .

شەرقىي تۈركىستاندا ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇپ . خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرلىرىنى ئۆزلىرى
بەلگىلەش ئارزۇ ئارمانلىرى بىر تەدبىر ئەمەلگە ئاشىدىغان مۇشۇ پەيتتە ، ئىشلەپ چىقىرىش
قۇرۇلۇش ئارمىيىسى قوماندانلىقى قورال كۈچىگە يۆلىنىپ ، جۇڭگولۇقلارنى بوجايدا يەرلەشتۈرۈش
سىياسىتىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادى ھۆكۈمرانلىقىدىن پايدىلىنىپ . بۇ رايوندا ئۆزلىرىنىڭ
رەسمى ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە ئىستىبدادىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئاساس قۇرۇپ چىقتى .
دوكتور دونالد ماكمىلىن مۇنداق دەيدۇ « كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى
ۋاڭ جېن بىلەن ۋاڭ ئېنماۋ ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئا-
كورپۇس قوماندانلىرىدىن بولغان يېقىنلىرىنىڭ نوپۇزلىرى ۋە كۈچى بىلەن تەدرىجى
ھالدا كۈچەيدى . كەرىم سەيپىدىن ئەزىزى ۋە بۇرھان شەھىدى قاتارلىق مىللەت
ۋەكىللىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاپتونومىيە ھوقوقى بېرىلگەن بولسىمۇ . سىياسى ھۆكۈمرانلىق
يەنىلا بېيجىڭدىكى خەنزۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىدا قالدى » (81)

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭدىكى مەركىزىگە بىۋاستە باغلانغان بۇ ئىشلەپ چىقىرىش ،
قۇرۇلۇش ئارمىيىسى ئۇيغۇرلارنىڭ كېڭەيتىلگەن ھۆكۈمرانلىقىدىن مەنپەئەتىنى پايدىلاندى .
جۇڭگولۇقلارنى شەرقىي تۈركىستاندا يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن شارائىتلارنى ھازىرلىدى . ئۇلار
يەرلەشتۈرۈلگەنلەرنى ئېلىپ بېرىش ، ئىگە داۋاسى بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ قولىدىكى
زېمىنلىرىنى تارتىۋالدى . يەر ئاستى بايلىقلىرىنى مۇسادىرە قىلدى . مەركەزنىڭ
مەخسۇس قارار ۋە بۇيرۇقلىرىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن . پەقەت خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقان
بىر ھەيئەت پەيدا قىلىندى . بۇ ھەيئەت شۇ يىللاردا ئەينى چىڭ سۇلالىسى
تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى . بۇ ھەيئەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق
ۋەزىپىسى جۇڭگولۇقلارنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ ئاچىقىش ، ۋە ئۇلارنى بوجايدا
يەرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى .

1954 - يىلى ئىشلەپ چىقىرىش ، قۇرۇلۇش ئارمىيىسى ئارمىيىسىدىن بىر گۇرۇپ
كىشىلەر ، جۇڭگولۇقلارنى تۈركىستانغا ئېلىپ كېلىش تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن ، جۇڭگونىڭ
كۆپلىگەن رايون ۋە چوڭ شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلدى ، جۇڭگولۇق مۇھاجىرلارنى
قارشى ئېلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ۋىلايەتلەردە مەخسۇس جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار ئۈچۈن
مۇھاجىرلار ئىشخانىلىرى ئېچىلدى . 1966 - يىلى ئىشلەپ چىقىرىش ، قۇرۇلۇش

ئارمىيىسىنىڭ سانى تەخمىنەن 600 000 غا يەتكەن (82). 1982 - يىلى
دۆلەت شىخەنزىدىكى كادىرلىرىنىڭ سانى 500 000 شەخس ئىدى (83). 1982 - يىلى
ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ تۈركىستاندىكى ئومۇمى سانى 2 250 000
دەپ ھېساپلاپ چىقىلغان. بۇلار 170 دىن ئارتۇق زامانىۋىلاشقان تېرىق-
چىلىق مەيدانى ۋە 619 دانە ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
$2\frac{1}{2}$ مىليون مو چوڭلۇقتىكى تېرىقچىلىق زېمىنلىرىنى ئىدارە قىلىدۇ (84).
ئۇلار يېرىك ئىگىلىش زاۋۇتلىرىدا ئىشلەيدۇ (85) ۋە جىنايەتچىلەرنى ئىشقا سېلىش بىلەن
ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ (86).

1973 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى ئەمەلدىن
قالدۇرۇلغان بولسىمۇ 1982 - يىلى دېڭشياۋپىڭنىڭ بۇ ئارمىيەنى چېن شى
ۋە سىياسى كومىسسار كومېتېتلىرىنىڭ قوماندانلىق ئاستىدا شەرقى تۈركىستاندا ئەسلىگە
كەلتۈرۈلدى. كومىتېت شۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچى ھەربى رايونىنىڭ سىياسى كومىسسارى ئىدى (87).

بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىش مۇمكىنكى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش
ئارمىيىسى ئۈرۈمچى ھەربى رايونىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا باشقۇرۇلىدۇ.
شىخەنزە، ئالتاي، غۇلجا، قۇمۇل، قاراشەھەر، كورلا ۋە ئاقسۇ قاتارلىق بىر
قانچە ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا بۇ ئارمىيەنىڭ شۆبىلىرى بار (88).

ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى مۇھاجىرلارنى يەرلەشتۈرۈش ۋە ئۇلارغا
مۇناسىپ خىزمەت، يېتەرلىك ئۆي - جاي ھەل قىلىپ بېرىش ئىشلىرىنى
ئورۇنلاشنىڭ سىرتىدا، جۇڭگولۇق مۇھاجىرلارغا ھەربى تەلىم ئۆگىتىش ۋە ھەربى
مەشىق ئېلىپ بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتەيدۇ. ئۇلار بۇ ئىشلاردىن باشقا،
زاۋۇتلاردا، تېرىقچىلىق مەيدانلىرىدا ۋە ئاساسلىق ھەربى ئورۇنلىرىدا خېلى چوڭ
روللارنى ئوينايدۇ. ھەرقانداق زاۋۇت ياكى تېرىقچىلىق مەيدانى قورال ئارمىيە
ئەترىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (89). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئارمىيە،
تاشقى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇش ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ جۇڭگو مۇستەبىتلىرىگە
قارشى ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن، سىرتتىكىلەرنىڭ ئېھتىياتى
قوشۇنلارنى تەشكىللەيدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ شەرقى تۈركىستان خەلقىنى خەنزۇلارغا
ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش، بۇ رايوننى سىياسى، ئىقتىسادى،
مەدەنىيەت جەھەتلەردە جۇڭگوغا بويسۇندۇرۇش، خەنزۇ مەدەنىيىتى ۋە

خەنزۇ تىلىنى مۇسۇلمانلارغا مەجبۇرى تاڭىشتىش ئۈچۈن قوللانغان
ۋەھشى ئۇسلۇبلىرى تۈركىستان خەلقىنى ھەقىقەتەن نەپرەتلەندۈردى.

## ئىزاھلار :


① لاتتىمور ئوۋېن «ئاسىيا ئوقى». 50-بەت. بوستون. 1950-يىل.

② ماكارتنىي. گ. «شەرقىي تۈركىستان. جۇڭگولۇقلارنىڭ يات مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى». «ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتى ئەرزىلىرى». لوندون. 1909-يىل. (ئىنگلىزچە).

③ ئابدۇللا تومەن «مانجۇلارنىڭ چىن تۈركىستاننى ئىدارە قىلىش سىياسىتى» «خان تەڭرى» ژۇرنىلى. 5-سان. 8-بەت. تەيۋەن 1979-يىل. (ئۇيغۇرچە).

④ ۋېن جاڭچۇ «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى». 191-بەت. مۇتسىكو نەشرىياتى. ھېگو. 1966-يىل.

⑤ يۇقارقى كىتابنىڭ 19-بېتىگە قارالسۇن.

⑥ ئابدۇللا تومەن «مانجۇلارنىڭ چىن تۈركىستاننى ئىدارە قىلىش سىياسىتى» 5-بەت.

⑦ ئەخمەت تۇردى «ئۇنتۇلغان كىشىلەر». قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى. 152-بەت. قەشقەر. 1988-يىل. (ئۇيغۇرچە).

⑧ زېڭ ۋېنشۇ «جۇڭگو چېگرىسىنىڭ سىياسىتى». شاڭخەي تىجارى باسمىخانىسى. 1936-يىل. (خەنزۇچە).
قوشۇمچە «غەربىي يۇرتتىكى جۇڭگو سىياسىتى ۋە ئىدارە قىلىش تارىخى»

⑨ فلېمىڭ، پ. «تاتارلار ھەققىدە خەۋەرلەر». 247-بەت. لوندون. 1945-يىل. (ئىنگلىزچە).

⑩ ۋېن جاڭچۇ «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى».

⑪ لاتتىمور ئوۋېن «ئاسىيا ئوقى». 195-بەت.

⑫ يۇقارقى كىتابنىڭ 195-بېتىگە قارالسۇن.

⑬ موللا بىلال بىننى يۇسۇف «نۇزۇگۇم». «بۇلاق» ژۇرنىلى. 208-225-بەتلەر. 1981-يىل 1-سان. ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە).

⑭ پانتاسوۋ. ن. ي «مۇسۇلمانلارنىڭ جۇڭگولۇقلارغا قارشى كۆرەشلىرى». قازان نەشرىياتى. 1800-1801-بەتلەر. (رۇسچە).

(15) يوسف چونايلىنى «چىگرا تەتقىقاتى ۋە جوڭگو-تەدىمى چېك.
سوراڭلىسىنىڭ چىگرا ئىدارە قىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشى» ، «1759 -
1911 - يىللاردىكى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى» . ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتى.
(ئىلمى ئۇنۋان ئۈچۈن تەييارلانغان ئەسەر). 52 - 80 - بەتلەر.
1976 - يىل . ( ئىنگلىزچە ) .
(16) ئابدۇللا تولەمىن «مانجۇلارنىڭ چىنى توركىستاننى ئىدارە قىلىش سىياستى»
1980 - يىللىق 6 - سان . 70 - بەت . تەيۋەن . (ئۇيغۇرچە ) .
(17) يوسف چونايلىنى «چىگرا تەتقىقاتى» . 221 - بەت .
(18) ئوين جاكچو «1862 - ۋە 1878 - يىللار ئارسىدا جوڭگونىڭ غەربى
شىمالىدىكى موسولمانلار قوزغىلىڭى» .
(19) يوقارقى كىتابىنىڭ 192 - بېتىگە قارالسون .
(20) يوسف چونايلىنى «چىگرا تەتقىقاتى» . 221 - بەت .
(21) يوقارقى كىتابىنىڭ 226 - بېتىگە قارالسون .
(22) يوقارقى كىتابىنىڭ 263 - بېتىگە قارالسون .
(23) يوقارقى كىتابىنىڭ 263 - بېتىگە قارالسون .
(24) يوقارقى كىتابىنىڭ 81 - ۋە 145 - بەتلىرىگە قارالسون .
(25) يوقارقى كىتابىنىڭ 263 - ۋە 264 - بەتلىرىگە قارالسون .
(26) يوقارقى كىتابىنىڭ 299 - بېتىگە قارالسون .
(27) لى فوسان «شىنجاڭدىكى موسولمان توركلەر مەسىلىسى» ، «جوڭگو
كوممونىستلىرىنىڭ مىللى سىياستىنى تەھلىل قىلىش» . ( ئىلمى ئۇنۋان
ئۈچۈن يېزىلغان ئەسەر ) . 14 - بەت . روتگېرس ئونىۋېرستېتى .
1973 - يىل . ( ئىنگلىزچە ) .
(28) ليودەنچى «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى دەۋردىكى ئابادەتخانا سارای
مەرھومەلەر سارىيى» . "شىنجاڭ تارىخ ماتىرىياللىرى" . شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى . 14 - سان . 211 - بەت . ئۈرۈمچى .
1985 - يىل . ( ئۇيغۇرچە ) .
(29) يوسف چونايلىنى «چىگرا تەتقىقاتى» . 267 - بەت .

(30) لاتىمور ئوۋېن «ئاسىيا ئوقى» . 140 - بەت .

(31) يۇقارقى كىتابنىڭ 68 - بېتىگە قارالسۇن .

(32) ئابدۇللا تالىپ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركىلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 81 - بەت ، ئۈرۈمچى . 1987 - يىل . (ئۇيغۇرچە) .

(33) يۇقارقى كىتابنىڭ 92 - بېتىگە قارالسۇن .

(34) فوربېس ئاندىرېۋ «جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە ئۇرۇش خومار مۇستەبىتلەر» كامبرىج ئۇنىۋېرسىتى نەشرىياتى . 48 - بەت . كامبرىج . 1986 - يىل . (ئىنگلىزچە) .

(35) يۇقارقى كىتابنىڭ 8 - بېتىگە قارالسۇن .

(36) لاتىمور ئوۋېن «ئاسىيا ئوقى» . 79 - بەت .

(37) ئابدۇللا تومەن «مانجۇلارنىڭ چىن تۈركىستاننى ئىدارە قىلىش سىياسىتى» «خان تەڭرى» ژورنىلى . 2 - سان . 53 - بەت تەيۋەن . 1978 - يىل .

(38) لاتىمور ئوۋېن «ئاسىيا ئوقى» . 115 - بەت

(39) لى فۇساڭ «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان تۈركلەر مەسىلىسى» . 86 - بەت .

(40) فوربېس . ئا . «جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە ئۇرۇش خومار مۇستەبىتلەر» ، 221 - بەت .

(41) سىچۋارس ، ھ . گ . «جۇڭگونىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرگە قوللانغان سىياسەتلىرى» (ماقالا ۋە ھۆججەتلەر) . غەربى ۋاشىنگتون ۋىلايىتى داشۆسى . 63 - بەت . 1971 - يىل . (ئىنگلىزچە) .

(42) لو . ج . پ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1955 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە بولغان 5 يىللىقى» . جۇڭگو پەسىللىك ژورنىلى . VII - توم . 102 - بەت . 1961 - يىل ئۆكتەبىر . (ئىنگلىزچە) .

(43) لاتىمور ئوۋېن . «ئاسىيا ئوقى» ، 115 - بەت .

(44) يۇقارقى كىتابنىڭ 19 - بېتىگە قارالسۇن .

(45) درېيېر ، ۋ . ج «شىنجاڭ : يۇرتى ۋە خەلقى» ، 209 - بەت . (ئىنگلىزچە) .

(46) ئۇيمبوش . س . ى «ھازىرقى زاماندا شىنجاڭ ئاتالغان جايىغا
جۇڭگونىڭ قىسسىسى» . «ئىسلام دۇنياسى» ژورنىلى . 1987 - يىلى
ئىيۇن سانى ، 7 - بەت . (ئەرەبچە) .
(47) «جۇڭگو يېقىندىن بېرى ئوتتۇرا ياۋروپادا ئۆرلەۋاتقان قەدەملەر بار» .
«ئىسلام دۇنياسى» ژورنىلى . 43 - نومۇر ، 1985 - يىلى مارت .
16 - بەت . لوندون . (ئەرەبچە) .
(48) لويۇن «شىنجاڭ - كەڭلىكى گۈللەندۈرۈش ئوخشىمىغان ... » بېيجىڭ
ژورنىلى ، 1985 - يىل 7 - ئىيۇن . (ئىنگلىزچە) .
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى» . 16 - بەت .
(49) «ب ب س» رادىئوسى ، لوندون ، 1986 - يىل 28 - ئىيۇن .
(ئىنگلىزچە) .
(50) ۋون . ھ . ج «جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىنىڭ پايتەختى - ئۈرۈمچىنىڭ
تارىخى ۋە جۇغراپىيىلىك رولى» ، ئامېرىكا جۇغراپىيە ئالىملىرى
ئۇيۇشمىسى مىللىي ژورنىلى ، 53 - سان . 455 - بەت ، 1963 - يىل
4 - دېكابىر . (ئىنگلىزچە) .
(51) «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى» ،
661 - بەت .
(52) ئاربىد . ج . س «جۇڭگو نوپۇس تەكشۈرۈشىنىڭ دەسلەپكى نەتىجىلىرى» . جۇڭگو مەسىلىلىرى ژورنىلى ، 96 - سان ، 617 - بەت
1983 - يىل . بېيجىڭ ژورنىلى ، 27 - توم ، 14 - سان ، 1984 - يىل
2 - ئاپرېل . (ئىنگلىزچە) .
(53) مكمىللېن . ھ . د . «شىنجاڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش ، قۇرۇلۇش
مەھسۇلاتى ؛ خەنزۇ يوق يۇرتلاردا خەنزۇلارنىڭ تەشكىللىنىشى»
جۇڭگو مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى ئاۋستىرالىيە ژورنىلى ، 1981 - يىل
6 - سان . (ئىنگلىزچە) .
(54) ھېيا تون . و . ر «ئازسانلىق مىللەتلەر ۋە جۇڭگو ئارمىيىسى :
قوراللىق كۈچ ... ، جەمىيەت» . 3 - توم ، 1977 - يىل ياز
2 - سان . (ئىنگلىزچە) .

(55) سچۋارز، ھ. گ. «خەنزۇلارنىڭ 1949 - يىلدىن 1959 - يىلغا قەدەر جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا ۋە ئىچكى موڭغۇلغا كۆچۈش ئەھۋالى». «جۇڭگو پەسىللىك ژۇرنىلى»، 1963 - يىل ئۆكتەبىر سانى، 63 - بەت، (ئىنگلىزچە)،

(56) مكمىللېن، ھ. ر. «شىنجاڭ ۋە ئىشلەپ چىقىرىش، قۇرۇلۇش مەھسۇلاتى»، 75 - بەت،

(57) سچۋارز، ھ. گ. «خەنزۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا ۋە ئىچكى موڭغۇلغا كۆچۈشى»، 69 - بەت.

(58) ھولۇبنىچى لىبدىيا «خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەت مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشى». «شەرقىي تۈركلەر» ژۇرنىلى 1960 - يىل 2 - سان، 104 - بەت. (ئىنگلىزچە).

(59) سچۋارز، ھ. گ. «خەنزۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا ۋە ئىچكى موڭغۇلغا كۆچۈشى»، 65 - بەت.

(60) «شىنجاڭ: مەركىزىي ئاسىيا - جۇڭگودا دۆلەت سەنئىتى» 1985 - يىل. 146 - بەت. (گېرمانچە).

(61) ۋايت ئېل، لىين. ت. «ئۈرۈمچى يولى. 1968 - يىلى چېنىقتۇرۇش مەزگىلىدە مەخسەتكە يېتىشتىكى شاگىخەيدىن بىرىش كېلىشلەردە تەستىقلانغان تورۇملەر». «جۇڭگو پەسىللىك ژۇرنىلى». 1979 - يىل سىنتەبىر سانى، 5 - بەتتىن ئاخىرغىچە. (ئىنگلىزچە).

(62) يۇقارقى كىتابنىڭ 506 - بېتىگە قارالسۇن.

(63) مكمىللېن، ھ. د. «شىنجاڭ ۋە ئىشلەپ چىقىرىش، قۇرۇلۇش مەھسۇلاتى»، 84 - بەت.

(64) ۋايت ئېل، ل. ت. «ئۈرۈمچى يولى»، 489 - بەت. (ئىنگلىزچە).

(65) ۋىگىل ئوسكار «شىنجاڭ»، 146 - بەت، (ئىنگلىزچە).

(66) مكمىللېن، ھ. د. «شىنجاڭ ۋە ئىشلەپ چىقىرىش، قۇرۇلۇش مەھسۇلاتى»، 77 - بەت.

(67) ۋايت ئېل، ل. ت. «ئۈرۈمچى يولى»، 503 - بەت.

(68) يۇقارقى كىتابنىڭ 55 - بېتىگە قارالسۇن .
(69) يۇقارقى كىتابنىڭ 506 - بېتىگە قارالسۇن .
(70) سچۋارز . ھ . گ . «خەنزۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا كۆچۈشى» ، 71 - بەت .
(71) مكمىللېن ، ھ . د . «شىنجاڭ ۋە ۋاڭ ئېنماۋ يېتەكچىلىكىدىكى يېڭى يۈزلىنىش سىياسەت ۋە موكەممەللىك» جۇڭگو پەسىللىك ژورنىلى ، 1984 - يىل سىنتەبىر ، 99 - سان ، 576 - بەت .
(72) يۇقارقى ژورنالنىڭ 586 - بېتىگە قارالسۇن .
(73) ژېڭىل ئۇسكار «شىنجاڭ» . 148 - بەت .
(74) يۇقارقى كىتابنىڭ 147 - بېتىگە قارالسۇن .
(75) «خەلقئارا بىرلەشمە نەشرىياتى» ، 1986 - يىل 26 - فېۋرال . (ئىنگلىزچە) .
(76) «جۇڭگو پەسىللىك ژورنىلى» 16 - سان . ئۆكتەبىر 1963 - يىل ۋە «كەلگۈسى كەتكەن مەنزىرە» XII توم ، 2 - سان ، 1974 - يىل نويابىر . (ئىنگلىزچە) .
(77) مكمىللېن ، د . «شىنجاڭ ۋە ئىشلەپ چىقىرىش قۇرۇلۇش مەھ- سۇلاتى» ، 68 - بەت .
(78) يۇقارقى كىتابنىڭ 69 - بېتىگە قارالسۇن .
(79) ھولۇبنىچى ، ل . «خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى سالاھىيەت مەسىلىسىنى تىنچ تەرەپ قىلىنىشى» ، 103 - بەت .
(80) مكمىللېن ، د . «شىنجاڭ ۋە ئىشلەپ چىقىرىش ، قۇرۇلۇش مەھسۇلاتى» ، 71 - بەت .
(81) مكمىللېن ، ھ . د . «شىنجاڭ ۋە ۋاڭ ئېنماۋ» ، 570 - بەت .
(82) مكمىللېن ، ھ . د . «شىنجاڭ ۋە ئىشلەپ چىقىرىش ، قۇرۇلۇش مەھ- سۇلاتى» ، 78 - بەت .
(83) سىياۋ چۇنفۇ «ئۈرۈمچى ھەربىي رايون قوماندانى . كۆز قاراشلار ۋە مۇلاھىزىلەر» ، 18 - توم . 1982 - يىل 12 - دېكابىر سانى ، 86 - بەت . (ئىنگلىزچە) .
(84) «يىراق ئۆلكە جۇڭگونىڭ «كالىفورنىيە» سى بولۇشنى خالايدۇ» ،

«ۋاشىنگتون پوست»، 1985-يىل 13-يانۋار.
(85) مكمىللىن، ھ. د. «شىنجاڭ ۋە ۋاڭ ئېنماۋ»، 586-بەت.
(86) سېكستون، ۋ. «جۇڭگونىڭ ئەسكەرلەر تەشەببۇسىغا قىلغان ھەركىتى» «كۈنلۈك خەۋەرلەر»، 1982-يىل 7-26-كۈن.
(87) سياۋ چۈنفۇ «ئۈرۈمچى ھەربىي رايون قوماندانى، كۆز قاراش-لار ۋە مۇلاھىزىلەر». «رېنمىن ژىباۋ». 18-توم.
1982-يىل 12-دېكابىر سانى، 84-بەت.
(88) ئېپسوستو، ب. ج. «شىنجاڭدىكى مىللى ئەسكىرى» «ئاسىيا پەسىللىك ئوبزورى». 1977-يىل 2-سان. 170-بەت.
(ئىنگلىزچە).
(89) سېكستون، ۋ. «جۇڭگونىڭ ئەسكەرلەر تەشەببۇسىغا قىلغان ھەركىتى». «كۈنلۈك خەۋەرلەر». 1982-يىل 7-26-كۈن.

# تۆتىنچى باب

## جۇڭگولۇقلارنىڭ تۈركىستاندىكى يەرلىشىشى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ يوقىلىشى

ھەقىقەتتە ئاپتونومىيەنىڭ مەنىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز تەسەررۇپاتلىرىدا تولۇق ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشىنى تەقەززا قىلسا كېرەك. 1984-يىلى 3-ئاينىڭ 1-كۈنى چىقىرىلغان ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 18-ماددىسى مۇشۇ مەنىگە ئىشارەت قىلىدۇ. 18-ماددىدا «ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت ئىدارىلىرىگە يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەيىنلەش» دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭدەك بۇ قانۇننىڭ 22-ماددىسىدا «كادىر تەيىنلەشتە بىرىنچىلىكنى ئاز سانلىق ئۇقۇملۇقلارنىڭ بەزىلىرىگە بېرىش» دەپ كۆرسىتىلگەن (1).

لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ قانۇنلارنىڭ ھېچ بىرى تەتبىق قىلىنمىدى. بەلكى بۇ قانۇننىڭ سايىسىدا ۋەھشىيانە تەلەپ بېرىلگەن ئىشلار، رەسمىي ئېلان قىلىپ تارقاتقان ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولدى، قانۇن ۋە نىزاملار پەقەت قەغەز ئۈستىدە سىياھ ھالىتىدە شۇ پېتى قالدى. مەركەز بولسا ئۆزىنىڭ ھەربىي يىگىتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسىگە يۆلىنىپ بىرلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى خالىغىنىچە يۈرگۈزدى.

1987-يىلى 6-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە لوندوندا ئېچىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئىككىنچى تەتقىقات دۇنياۋى يىغىنىدا ئۈرۈمچى ئىجتىمائىي ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەزاسى ھاجى نۇر ھاجى مۇنداق دەپ سۆزلىگەن: «1984-يىلدا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن يېتىشكەن كادىرلارنىڭ سانى 192000 غا يەتتى. بۇ سان شەرقى تۈركىستاندىكى پۈتۈن كادىرلار سانىنىڭ 44.4% نى تەشكىل قىلىدۇ». شۇنىڭ -

بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئازسانلىق مىللەتلەر تۈركىستاننىڭ
شىمالىي ئاھالىسىنىڭ %60.63 نى تەشكىل قىلىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ.
شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغۇچىلار ۋە مۇخبىرلار، بۇ رايوننىڭ پۈتۈن
ئىش ئورۇنلىرىنى خەنزۇلارنىڭ كونترول قىلىۋالغانلىقىنىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى
ئوچۇق تەكىتلىيەلەيدۇ.
مەسىلەن: گېرمانىيەدە چىقىدىغان "دېر شپىگېل" ژۇرنىلىنىڭ 1979-يىلى
9-ئايدىكى سانىدا، ئۈرۈمچىنىڭ ئەتراپىدىكى زاۋۇتلاردا ئىشلەيدىغان
200 000 ئىشچىنىڭ %90 نى پەقەت خەنزۇلار تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى
بايان قىلىدۇ.
1987-يىلى يازدا شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان دوكتورە ئەدەن
نەبى، 1988-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە ئىستانبۇلدا
ئېچىلغان شەرقىي تۈركىستان تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى 1-قېتىملىق
دۇنياۋى يىغىندا سۆزلىگەن نۇتقىدا مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگولۇقلار ئۈرۈمچىدە
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدىن باشلاپ ھەتتاكى
كوچىلارنى تازىلاشقا قەدەر ھەممە ئورۇنلاردا دېگۈدەك ئىشلەيدۇ.
خەنزۇلارنى ئادەتتىكى تۆۋەن ئىشلارغا بەلگىلەپ ئىشلىتىش، پەقەت ئۇلارنىڭ
سانىنى بۇ رايوندا كۆپەيتىش ئۈچۈن قوللانغان چارىدىن باشقا نەرسە ئەمەس».
جۇڭگو يازغۇچىسى لو يۈەن ئەشقەردىكى پاختا زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان
4300 ئىشچىنىڭ ئارىسىدىن يەرلىكلەر ئاران %41.6 نى تەشكىل
قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ (2). ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر ئاھالىسىنىڭ
%85 نى يەرلىك مۇسۇلمان خەلقلەر تەشكىل قىلىدۇ.
ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت يەرلىك كادىرلار سانىدىكى
تۆۋەنلەش نىسبىتىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «يەرلىك كادىرلارنىڭ ئومۇمىي
سانى 180 000 غا يېتىدۇ، بۇ سان ئاپتونوم رايونىدىكى بارلىق كادىرلار
سانىنىڭ ئاران %43 نى تەشكىل قىلىدۇ» (3).
جۇڭگو يازغۇچىسى لو يۈەن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى
شىخەنزە رايونىنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 560 000 كىشى بولۇپ، بۇ ئاھالە
35 زاۋۇت ۋە 18 ئىشلەپچىقىرىش مەيدانىنى باشقۇرىدۇ. بۇ رايوننىڭ

يەر مەيدانى 580 000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ رايوندىكى خەنزۇلار پۈتۈن ئاھالە سانىنىڭ %90 نى تەشكىل قىلىدۇ» (4). بۇنىڭ يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىز ئاددەتتىكى خىزمەت ئورۇنلىرى ھەققىدىكى قىسقىسلەردۇر. ئەمما شەرقىي تۈركىستاندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەركىزى ئورۇنلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇ ۋەزىيەتلەردىمۇ چوڭ ئۆزگىرىش يوق. يەنىلا ھەممە ئورۇنلارنى خەنزۇلار قاپلىغان. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يەرلىك كادىرلارنىڭ سانى ھەرگىزمۇ تەلەپكە لايىق ئەمەس.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ يۇقىرى ھوكۇمران ئورگان، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ سىياسىي بيۇروسى بولۇپ، ئۇنىڭغا سۇڭ خەنلياڭ رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. سىياسىي بيۇرو 12 كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلارنىڭ بىر دانىسى ئۇيغۇر، بىر دانىسى قازاق يەنە بىر دانىسى موڭغۇلدىن بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى خەنزۇلاردىن بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق مەركىزى كومىتېت 56 ئەزادىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن 13 ئەزا ئۇيغۇر، ئىككىسى قىرغىز، ئىككىسى خۇيزۇ، تۆت قازاق، ئىككىسى موڭغۇل قالغان 33 ئەزا خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقان. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 16 ئەزادىن تەركىب تاپىدۇ، ئۇلارنىڭ توققۇزى خەنزۇلارنى تەشكىل قىلىدۇ (5).

يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلاردا يەرلىك كادىرلارنىڭ سانى بىر ئاز ئاشقانمۇ. مەسىلەن.

سىياسىي بيۇرونىڭ شۇجىلىكى تۆۋەندىكىلەردىن تەركىب تاپىدۇ:

سۇڭ خەنلياڭ — شۇجى (خەنزۇ)،

تۆمۈر داۋامەت — مۇئاۋىن شۇجى (ئۇيغۇر)،

جانابىل — مۇئاۋىن شۇجى (قازاق).

لى شۇاشەن — مۇئاۋىن شۇجى (خۇيزۇ).

ھامىدىن نىياز — مۇئاۋىن شۇجى (ئۇيغۇر).

جاڭ شىشۇ — مۇئاۋىن شۇجى (خەنزۇ) (6).

مانا بۇ قاتلىق خەنزۇلار بىلەن يەرلىكلەر تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈرىدۇ. گەرچە خەنزۇلار بۇ رايوننىڭ نوپۇسى ئاھالىسىنىڭ %40 نى تەشكىل قىلغان بولسىمۇ،

بۇقارقى ئورۇنلاردا ٪50 نى تەشكىل قىلىدۇ. دېمەك نوپۇس سانىغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ مەركەزلەردىكى سانى يەنىلا كۆپلۈكنى ئىگىلىگەن.

شەرقىي تۈركىستان دايونىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت مەركەزلىرىدە يەرلىكلەرنىڭ سانى تەگىدىن ئاشىدۇ.

مەسىلەن:

تۆمۈر داۋامەت — ھۆكۈمەت رەئىسى (ئۇيغۇر).

توختى سابىر — مۇئاۋىن رەئىسى (ئۇيغۇر).

خۇاڭ باۋجاڭ — مۇئاۋىن رەئىسى (خەنزۇ).

يۈسۈپ مۇھەممەت — مۇئاۋىن رەئىسى (ئۇيغۇر).

چېن يۈەنخۇي — مۇئاۋىن رەئىسى (خەنزۇ).

ماۋ دېخۇا — مۇئاۋىن رەئىسى (خەنزۇ).

ھەيدەر باي — مۇئاۋىن رەئىسى (قازاق) ⑦.

ئەندرىس ئويمونس مۇنداق دەيدۇ: «سان جەھەتتە تەكشى بولۇشتىنمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان نەرسە ئاساسلىقى مەسىلە ھۆكۈمرانلىقنى كىمنىڭ ئىگە بولۇشى مەسىلىسى. چۈنكى ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەركىزى ئورۇنلارغا ئۆرلىشى ئىنتايىن ئاستا كېتىۋاتىدۇ. ئەسلى قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، دايونىدىكى بىرىنچى ئادەم (يەنى ئەڭ نوپۇزلۇق كىشى) شۇ ئاپتونومىيىنى تەشكىل قىلىدىغان يەرلىك ئۇرۇقلاردىن بولۇشى لازىم ئىدى. ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ ئورنى ۋە ھۆكۈمرانلىقى جۇڭگولۇقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدى. بۇ ئىشلارنى مۇلاھىزە قىلماق ئىنتايىن نوقتايىدۇر. چۈنكى ئادەتتە ئىككىنچى ئادەم (مۇئاۋىن) جۇڭگولۇقلاردىن بولىدۇ. مەسىلەن: ياركەنت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى تەشقەرىنىڭ بىر خەنزۇ ياشى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى سۆزلىيەلەيدۇ» ⑧

«دېر سپىگىل» ژۇرنىلىنىڭ 1983-يىل 11-سانىدا مۇنداق دېيىلگەن: «دەرھەقىقەت ئەمەلدارلارنىڭ پەقەت خەنزۇلار ئىكەنلىكىنى بىر قانچە لەھزە ئىچىدىلا رەسمىي ئەكس ئەتتۈرۈپ چىقىشى ھېچ بىر قىيىن ئىش ئەمەس. چۈنكى ھەرقانداق ئۇيغۇر رەئىس ياكى ھاكىم بىرەر چەتئەللىك بىلەن سۆزلەشمەكچى بولغىنىدا، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۇنىڭدىن ھەمىشە ئايرىلمايدىغان خەنزۇ مۇئاۋىنىغا (سۆزلەيدىغان سۆزىنى تولۇقلاش ياكى تەستىقلىتىش ئۈچۈن) دائىم قارايدۇ».

# مۇسۇلمانلارنى خەنزۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى

شۇنىسى ئېنىقكى، جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇسۇلمان رايونىغا كەڭ كۆلەمدە يەرلىشىشى، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى ۋە مەركىزى ئورۇنلارنى كونترول قىلىۋېلىشى، ئېزىلگەن بىچارە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ئىنتايىن ئېچىنىشلىق يامان تەسىرلەرنى كۆرسىتىۋاتماقتا. خۇسۇسەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاساسى مەقسىتى بۇ رايوندا سان جەھەتتە كۆپ سانلىقنى، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش ئارقىلىق مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ قېنىنى شورۇش ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش يوقىتىۋېتىش بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تەسىرى تېخىمۇ خەتەرلىك، تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. چۈنكى بېسىم چوڭايغانسېرى ئۇنىڭ تەسىرى ۋە ھالاكىتى زورىيىدۇ. بوتامچە سۇ كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرەلەيدۇ. جۇڭگولۇقلار تۈركىستان رايونىغا كۆچۈش ۋە يەرلىشىشنى كەڭ كۆلەمدە كۆپەيتىش بىلەن يىللار بويى داۋام قىلماقتا. خەنزۇ تىلى جۇڭگولۇق مۇھاجىرلارنىڭ تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار، ھەمىشە ئېلىپ كەلگەن ئەڭ ئاساسلىق تەسىرلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار يەرلىك مۇسۇلمان خەلق بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە ئالاقە قىلىشىش ئۈچۈن ئۇلار يەرلىك تىلنى (ئۇيغۇر تىلىنى) ئۆگەنمەيدۇ، بەلكى يەرلىك خەلقلەرنى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە زورلايدۇ. مۇسۇلمانلار، خەنزۇ تىلىنىڭ مەلۇم ئېلىپبەسى بولمىغاچقا، ئۇنى ئۆگىنىش ئىنتايىن قېيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشكە قىزىقمايدىغانلىقلىرىنى ئىزھار قىلسا، ھۆكۈمەت ئۇلارغا «بۇ [illegible] قىيىنچىلىقنى يېڭىش لازىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر يەرلىكلەرنىڭ خەنزۇلار بىلەن ئالاقە قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشى زۆرۈرمۇ؟ دەپ سورالسا، ئۇلارغا «يەرلىك خەلقلەر خەنزۇلار بىلەن ئالاقىلىشىشقا مەجبۇر بولغانلىقلىرى ئۈچۈن شۇنداقا ئۇنى ئۆگىنىدۇ. ئۇلار جۇڭگو پۇقراسى ۋە ئاكا- مىللەت ھېكمەتلىرىنى ئۆگىنىشتە بۇ تىلنىڭ (خەنزۇ تىلىنىڭ) ئەھمىيىتىگە ئېتىبار بېرەلمەيۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. (جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنى باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئاكا مىللەت دەپ ئاتىشىدۇ).

خەنزۇ تىلىدا سۆزلىيەلمەيدىغانلار گاچا دېيىلىدۇ. خەنزۇچە ئوقۇشنى بىلمەي-
دىغانلار ئەما دېيىلىدۇ (9). تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان كىشىلەر،
ئۇ جايدىكى مۇسۇلمان ياشلارنىڭ دېگۈدەك كۆپ قىسمى خەنزۇ تىلىنى
بىلمەيدىغانلىقى ياكى ئاز دېگەندە ئۇلارنىڭ خەنزۇچە سۆزلەشنى بىلمەيدىغانلىقىنى
مۇلاھىزە قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇلارنىڭ جاۋابى «خەنزۇ
تىلىنى قانداقمۇ ئۆگىنەيمىز، يۇرت ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇ تۇرسا»
دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. خەنزۇ تىلىنى بىلمەيدىغانلار ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا
ئىشمۇ تاپالمايدۇ.

تۈركىستاننى زىيارەت قىلغۇچىلار شۇنىمۇ مۇلاھىزە قىلالايدىكى،
ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، غۇلجا تاتارلىق شەھەرلەردىكى
ئايرودروملاردا قوللىنىلىدىغان تىل پەقەت خەنزۇ تىلى. خىزمەتچىلەر،
كۈتكۈچىلەر رادىيودىكى ئېلانلاردا يەرلىك تىلنى قەتئىي قوللانمايدۇ. گەرچە
يولۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى يەرلىك خەلقلەردىن بولسىمۇ، يەنىلا خەنزۇ تىلىنى
قوللىنىدۇ.

ئۇيغۇرچە، قازاقچە ناخشا دەيلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن خېلى كۆپ
بازارلارنى كەزدىم، خەنزۇچە ناخشا دەيلەر بارغانچە جايلاردا شۇنچە كۆپ
ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرچە ناخشا دەيدىن ئاران ئىككى دانە
ئۇچرىتالىدىم.

دوكتور ئەندرىس تومبوس مۇنداق دەيدۇ: «خەنزۇ كادىرلارنىڭ
ئىنتايىن ئاز قىسمىدىكىلەرلا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشكە قىزىقىدۇ. ئەمما
ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھەمىشە قىيىنچىلىقلارغا
دۇچ كەلمەكتە» (15).

جۇڭگولۇقلار مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگو ئاھالىسىدىن يۈزدە 94 پىرسەنت
خەلق خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدىكەن، جۇڭگونىڭ ھەممىسى خەنزۇ دائىرىسى
بولۇشى لازىم» (11).

تۈركىستاندىكى تەلىم-تەربىيە پىروگراممىسى پەقەت جۇڭگولۇق مۇھاجىر-
لارغا خىزمەت قىلىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈنلا
يولغا قويۇلماقتا. ھۆكۈمەت مەكتەپلىرى، خەنزۇ مەكتىپى ۋە ئۇيغۇر-

مەكتىۋى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. خەنزۇ مەكتىۋىدە ئوقۇغانلار، ئۇنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھېچ بىر قىيىنچىلىققا ئۇچرىماستىن، توسالغۇسىز ھالدا ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ دەرسلىكلىرى شۇ مەركەزلەردە خەنزۇ تىلى بىلەن ئوقۇتۇلىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر مەكتىۋىدە ئوقۇغانلار باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرىدا خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىدۇ. ئالىي مەكتەپ (داشۆي) لەرگە پەقەت خەنزۇ تىلىنى ياخشى بىلىدىغانلىرى بارالايدۇ. چۈنكى خەنزۇ تىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن داشۆي، سىفەنلەردە ئاساسلىق تىلدۇر. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇ ئۇسلۇب ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئىككى مەقسىتىنى ئورۇندىيالايدۇ:

1) مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى ئەگەر ئالىي مەكتەپلەردە ۋە ئۆز تىلى بويىچە مۇتەخەسسىسلىكلەردە ئوقۇشنى ئىزدىسە، ئۇلارنى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلىش. ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاران بەشتىن بىر قىسمىلا بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ (12).

2) جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ۋە ئۆز تىلى بويىچە مۇتەخەسسىسلىكلەردە كەڭتاشا ئوقۇشىنى داۋام قىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىش. ھەممىگە مەلۇمكى، جۇڭگولۇق مۇھاجىرلارنىڭ كۆپ قىسمى دېگۈدەك ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەردۇر. ئۇنىڭغا ئاساسلانغاندا يەرلىكلەر ئومۇمى داشۆي ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ %35 نى تەشكىل قىلىدۇ (13). ئومۇمى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى 4724 كە يېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن 1496 كىشى يەرلىكلەرنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنى %31.67 نى يەرلىكلەر تەشكىل قىلىدۇ (14).

بۇ خىل تەلىم تىزىمىنىڭ ئالدىدا، ئۇيغۇرچە نەشرىيات ۋە مەتبۇئاتلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلمى ھەم ئەمەلى جەھەتلەردىكى تەرەققىياتى ئاجىزى بېرىپ خەنزۇ تىلىغا زىچ ئالاقىدار بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلار چەكلىك مەنپەئەتلەرگىلا ئارىشلىق بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ «ۋاشىنگتون پوست» نىڭ مۇخبىرى تەرىپىدىن تەكىتلەنگەن مەسىلەدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھەر ھالدا خەنزۇ تىلى ئۆگىنىۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق ياشلىرىنىڭ سانى كۆپەيمەكتە. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن يەرلىك كادىرلار يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن ھەر ساھە پەنلىرىدە ئوقۇيدۇ. شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ

تەرەققىياتى پەقەت ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە بېرىپ ئوقۇشلىرىغا يۆلىنىدۇ. چۈنكى ئوچاقلاردىكى ئاساسىي مەرىپەت خەنزۇ تىلىنى ياخشى سۆزلەش ۋە يېزىشتىكى قابىلىيەتكە باغلىق» (15).

جۇڭگولۇقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەمدە يەرلەشىشى ئوچاقىدىكى مۇ-سۇلمان خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىماقتا.

دوكتور مىخائىل فرى بىرلىن سونداق دەيدۇ: «جۇڭگولۇقلارنىڭ شەرقىي تۈر-كىستانغا بۇنداق كەڭ كۆلەمدە كۆچۈپ بېرىشى، ياش ۋە ئوتتۇرا جەھەتلەردە بۇ رايوننىڭ ئاھالە سانىدا خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ كۆپ سانلىقىنى خەنزۇلار تەشكىل قىلىدىغان بولدى. ئۇلار (خەنزۇلار) نىڭ ئارىسىدا ئاياللار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئاساسەن يوقى دېيەرلىك. بىر ياكى ئىككى ئايالنى ئوتتۇرىسىدا ئالغان خەنزۇ ياشلار مەجمۇئەسى ناھايىتى نادىر ئۇچرايدۇ. مانا بۇنداق ۋەزىيەت، ياشلارنى بالدۇر توي قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. جۇڭگو داشۆلىرى مۇسۇلمانلار بىلەن خەنزۇلارنى ئۆز-ئارا توي قىلىشقا چاقىردى. چۈنكى ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ ۋە ئازسانلىق ئىرقلارنىڭ تېنىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە شارائىت يارىتالايدۇ. 1959-يىلى ئۇلار بىلەن توي قىلىش ۋە ئاجرىشىش ھەققىدىكى شەھەر قانۇنى يۈرگۈزۈلدى» (16).

ئۇلار، ئاياللارنى تېرىقچىلىق مەيدانلىرى ۋە سانائەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەشكە چاقىرىدىغان تەشەببۇسكارلىقلارنى باشلىدى. مۇسۇلمان يەرلىكلىرى بىلەن توي قىلىشقا قازانغان خەنزۇلارغا ھۆكۈمەت ئالاھىدە ماددى مۇكاپاتلارنى بەلگىلىدى. جۇڭگو قىزلىرىنى ئۇيغۇر، قازاق ياشلىرىنى جەلپ قىلغۇدەك ھالەتتە ياساندۇرۇش، جابدۇش پەقەت ھۆكۈمەتنىڭ ھېساۋىغا بولىدۇ.

(17) ئۇلار خەنزۇ-ئۇيغۇردىن تۇغۇلغان بالىلارنى نوپۇس دەپتىرىگە مىللىتى خەنزۇ دەپ يازىدۇ.

1987-يىلى شەرقىي تۈركىستانغا قىلغان زىيارىتىمدە، خەنزۇلار بىلەن توي قىلغان ئاز قىسمدىكى بەزى مۇسۇلمان قىزلىرىنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىمدا «يوقسۇزلۇق بىلەن ئاچلىق شۇنىڭغا مەجبۇر قىلدى» دەپ جاۋاب بېرىلدى. شۇنىڭدەك، مۇسۇلمانلارنىڭ، خەنزۇلار بىلەن توي قىلغانلارنى ياقتۇرماسلىقى نەتىجىسىدە بۇنداق تويىنىڭ ئۆمرى مۇددەت

داۋام قىلالمىغانلىقىنى بايقىدىم .

يېقىنقى يىللاردا سىياسى سەۋەبلەرگە كۆرە ، ئىسلامى پائالىيەتلەر بىر ئاز ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان چاغدا ، موسۇلمان خەلق بىلەن جۇڭگولۇق موھاجىرلارنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەت كۆپەيدى . مەسىلەن : موسۇلمانلارنى مىكروفونلاردا ئەزان - تەكبىر ئوقۇشتىن توسىتى . چۈنكى مىكروفوندا ئوقۇلغان ئەزان - تەكبىرلەر يۇرتنىڭ خەنزۇ ئاھالىلىرىنى راھەتسىزلەندۈرۈپ قوياتتى .

موسۇلمانلار ئامالى ئورۇنلارنى تېپىپ ، نامازلىرىنى باشلىغان چاغلاردا بەزى خەنزۇ ياشلىرى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن نامازنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋالىدۇ . موسۇلمانلارنىڭ نامازدىكى رۇكۇ - سەجدىلىرىنى بولسا چىڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورىغا ھۆرمەت ئادا قىلىدىغان «كېيوتو» نىڭ سالامىغا ئوخشىتىدۇ . (18)

تارقالغان خەۋەرلەر 1988 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئوقۇغۇچىلار نامايىشىنى ، شىنجاڭ داشۆيىدىكى موسۇلمان ئوقۇ- غۇچىلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە ياتاقلىرىنى باشقىلار ( غەيرى موسۇلمانلار ) بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىشكە قارار چىقىرىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قوزغالغان دەپ ئەكتىلەيدۇ (19) . بۇنداق نامايىشلارنىڭ كۆپىنچىسى ، موسۇلمان ئوقۇغۇچىلارغا چوشقا گۆشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھارام گۆشلەردىن ئىشلىگەن تاماقلارنى ئەكىلىش سەۋەبىدىن چىقىدۇ .

1980 - يىلى ئاپرېلدا ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ۋە 1985 - يىلى 12 - ئايدا ئۈرۈمچىدە قوزغالغان ئوقۇغۇچىلار نامايىشلىرىمۇ شۇ سەۋەبتىن بولغان (20) .

# بەشىنچى باب

## تۈركىستانلىقلار ۋە تۇغۇت چەكلەش

1982 - يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئېلىپ بارغان ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە، جۇڭگونىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 1 081 175 288 بولۇپ، خەنزۇلار بۇ سانىنىڭ 936 703 824 نى، يەنى ئومۇمىي سانىنىڭ 93.3% نى تەشكىل قىلغان. قالغان ئازسانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 6.7% نى تەشكىل قىلغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ سانى 67 233 254 ئىدى. جۇڭگودا 55 ئازسانلىق مىللەت ياشايدۇ.

1982 - يىلدىكى 3 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىلەن 1964 - يىلدىكى 2 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، خەنزۇلارنىڭ بۇ 18 يىل ئىچىدە كۆپىيىش نىسبىتى 43.8% گە، باشقا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 68.4% گە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى خەنزۇلارنىڭ سانى بۇ مەزگىلدە بۇرۇنقىدىن 285408 456، باشقا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ سانى بۇرۇنقىدىن 27 309 518 ئاشقان (21).

شۇنىڭدەك، 1982 - يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئەسلى پىلان بويىچە جۇڭگونىڭ نوپۇس سانى 2000 - يىللارغىچە 1200 000 000 دىن ئۆرلەپ كەتمەسلىك. ھازىرقى كۆپلىكلەر بىلەن بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى 2000 - يىللارغىچە جۇڭگونىڭ نوپۇس سانى 1.300 000 000 گە يېتىپ قېلىش ئېھتىمالى بار. ئۇنداق بولغاندا جۇڭگونىڭ نوپۇس سانى 2030 - يىللارغىچە 1400 000 000 گە يېتىپ توختىماستىن، بەلكى 1 800 000 000 گە يېتىپ قالىدۇ.

1987 - يىلدىكى دەسلەپكى تەكشۈرۈشتە يىللىق ئۆسۈش نىسبىتى 1.48% چىقتى. بۇ ئەھۋال تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى سەۋەبى بىلەن 1977 - يىلدىن بېرى ئۆزگەرمەستىن داۋام قىلىپ كەلگەن ھەمدە بۇ ئەھۋال، ئاھالە سانىنىڭ داۋاملىق تۈردە بىردىنلا كۆپىيىپ تۇرۇشىدىن تورقتۇاتقان مەسىلە-

لارنىڭ ئەندىشىلىرىنى تېخىمۇ ئاشۇردى (22).

1982 - يىلدىكى رەسمىي تەكشۈرۈشتە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تەبىئىي ئۆسۈش نىسبىتى %$2\frac{1}{2}$ گە، خەنزۇلارنىڭ تەبىئىي ئۆسۈش نىسبىتى %1.48 گە يەتكەن. تەبىئىي ئۆسۈشتىكى ئۆزگىرىش مۇشۇنداق داۋام قىلىدىغان بولسا، كېلىدىغان 15 يىل ئىچىدە ئازسانلىقلارنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى كۆپىيىپ، پۈتۈن جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ %10 نى ئىگىلەيدۇ. ئەگەر ھەر ئائىلىدە بىردىن زىيادە تۇغماسلىق سىياسىتىنى خەنزۇ مىللىتىگە ئىجرا قىلىپ، باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر ئۇنى ئىجرا قىلماسلىقنى داۋام قىلىدىغان بولسا، خەنزۇلارنىڭ سانى 0.8 مىليارتقا تۆۋەنلەپ كېتىپ، باشقا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ سانى 0.3 مىليارتقا ئۆرلەپ كېتىدۇ (23).

1987 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى تەكشۈرۈشتە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى مۇنداق دېدى «ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ سانى 1982 - يىلىنىڭ مابەينىدە 9 000 000 غا كۆپەيدى. شۇڭلاشقا بىنائەن ھۆكۈمىتىمىز، جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىگە تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىنى قەتئىي تۈردە تەتبىق قىلىشنى قارار قىلدى».

لېكىن جۇڭگودىكى ئاھالىلەر تەتقىقاتىنىڭ مەسئۇلى جۇڭ ئارىد مۇنداق دەيدۇ: 1982 - يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسى جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى ئۆرلىگەنلىكىگە ئىشارەت قىلسا، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇلارنىڭ ئۆسۈش نىسبىتىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئازسانلىقلارنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى 1953 - يىلدىكى تەكشۈرۈشتە %6.1 ئىدى. 1964 - يىلى ئۇلارنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى %5.7 گە تۆۋەنلىگەن. شۇنىڭدەك 1982 - يىلىمۇ يەنە تۆۋەنلىگەن. ئۇلارنىڭ ئۆسۈش نىسبىتىدىكى تۆۋەنلەپ كېتىشنىڭ سەۋەبىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھېچ بىر ئېنىق سەۋەپ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇغۇت چەكلەش سىياسىتى بۇرۇن ئۇلارغا تەتبىق قىلىنمىغان. ئۇ پەقەت يېقىندىن بېرى تەتبىق قىلىنىپ كەلمەكتە. شۇنىڭدەك ئۇ سىياسەتنىڭ تەتبىق قىلىنىشىمۇ خەنزۇلارغا تەتبىق قىلىنىشتا قوللىنىلغان كۈچنىڭ ئۆزى بىلەن ئەمەس. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا: ئازسانلىق مىللەتلەر خەنزۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە

بولۇپ كېتىش نەتىجىسىدە ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ئەنئەنىۋى شەخسىيىتىنى يو-
قىتىشقا باشلىغان . ئۇلارنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە ئوسۇش نىسبىتىنىڭ ئۆرلەپ
كېتىشى ، پەقەت بۇرۇن زۇلۇمنىڭ دەستىدىن ئۆزلىرىنى خەنزۇ كۆرسىتىپ
يۈرگەن بەزى ئازسانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۆز مىللىتىگە قايتقانلىقىدىن
باشقا نەرسە ئەمەس . كېيىنكى يىللاردا ئۇلار دېگۈدەك ئۆز ئەسلىلىرىگە
قايتىپ بولغان» (24) .

(25) 1935 - يىلى جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 48 104 240 ئىدى .
ئەمما جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇلارنىڭ سانىنى 1952 - يىلى تەخمىنەن ئون
مىليون دەپ ئېلان قىلدى (26) . جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن جۇڭگو
ئىسلام جەمئىيىتى ئۆزلىرىنىڭ «جۇڭگودا ئون مىليون مۇسۇلمان بار» دېگەن
ئويدۇرما سۆزىدە ، تاكى 1980 - يىلى يېڭى كەڭچىلىك سىياسىتى باشلانغانغا قەدەر
چىڭ تۇردى . پەقەت شۇ يىلىسى جۇڭگودىكى ئون مۇسۇلمان مىللەتنىڭ
سانىنى 13 151 200 شەخس دەپ ئېلان قىلدى (27) .

شۇنىڭدىن كېيىن 1982 - يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسى ،
مۇسۇلمانلار سانىنىڭ 14 598 654 ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى .

جۇڭگونىڭ ئاھالە سانى 1952 - يىلدىكى 574 000 000 دىن ، 1983 - يىلى
1 081 175 288 گە يەتكەن ( يەنى يۈزدە 97 پىرسەنت كۆپىيىپ ، تەخمىنەن
بىر ھەسسە ئاشقان ) مۇشۇ ۋاقىتتا ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى
1982 - يىلى ئارانلا يۈزدە ئەللىك تۆت پىرسەنتكە يېتەلىگەن .

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ھەققىدە ئېلان قىلىنغان ئىجمالى رەقەملەردىن
قەتئىينەزەر ھالدا ، ھەربىر مىللەتنىڭ سانىغا بىنائەن رەسمى تەكشۈرۈپ
چىقىرىلغان نەتىجىلەرگە يۆلىنىش ئارقىلىق دوكتور باربرا تۆۋەندىكى
(4-) جەدۋەلنى خۇلاسىلاپ چىقتى :

| مىللەت نامى | 1973 - يىل | 1957 - يىل | 1961 - يىل | 1980 - يىل | 1953 يىلدىن 1981 - يىللار ئارىسىدا ئاھالىلار سانىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| خۇيزۇ | 3 559 350 | 3 550 000 | 3 934 335 | 6 490 000 | 2،3 |
| ئۇيغۇر | 3 640 12 | 3 640 000 | 3 901 205 | 5 480 000 | 1،6 |
| قازاق | 4 75 000 | 500 000 | 533 160 | 800 000 | 1،8 |
| دۇڭشياڭ | ? | 150 000 | 159 345 | 190 000 | 0،8 |
| قىرغىز | 60 000 | 70 000 | 68 862 | 97 000 | 1 |
| سالا | ? | 30 000 | 31 923 | 56 000 | 2 |
| تاجىك | 80 000 | 14 000 | 15 014 | 22 000 | 1،4 |
| ئۆزبېك | 13 000 | 13 000 | 11 557 | 7500 | -2،4 |
| باۋئەن | ? | 4 000 | 5516 | 6800 | 1،6 |
| تاتار | ? | 6 000 | 4370 | 2900 | 4،3 |
| جەمى | 7,827475 | 7 977 000 | 8 665 287 | 13 152 200 | 1.25 |

مانا بۇ جەدۋەلدىن مۇسۇلمانلار سانىنىڭ، جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ ئومۇمى ئۆسۈش دەرىجىسىگە يېتەلمىگەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. خۇيزۇ مىللىتىنىڭ سانىدىكى ئاشادىسى زىيادىلىق كوممۇنىستلارنىڭ ۋەھشى دەۋرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن بەزى خۇيزۇلارنىڭ ئەسلى دىنى (ئىسلام) غا قايتىشى ئارقىلىق سانىنى ئاۋۇتقانلىقىدىن بولغان. بۇ ھەقتە بىز باشقا جون ئاردىننىڭ سۆزى ئارقىلىق توختىلىپ ئۆتكەن. شۇنىڭدەك ئۆزبېك، تاتارلارنىڭ سانىدىكى تۆۋەنلەش بولسا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتىپ، بەزىلىرى ئاۋستىرالىيەگە ئىلتىجا قىلىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولغان.

ئەمما شەرقى تۈركىستاننىڭ ئاھالىسىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە، 1985 - يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى» ناملىق بىر كىتاب نەشىر قىلىندى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار كۆرسىتىلگەن:

تۆۋەندىكى (5 -) جەدۋەلگە قاراڭ!

| مىللەتلەر نامى | 1949 - يىلدىكى سانى | 1979 - يىلدىكى سانى | يىللىق ئۆسۈش نىسبىتى |
|---|---|---|---|
| ئۇيغۇر | 3 291 145 | 5 641 593 | 1.92 |
| قازاق | 443 655 | 847 998 | 3.41 |
| خۇيزۇ | 122 251 | 547 618 | 3.86 |
| قىرغىز | 66 145 | 105 623 | 3.48 |
| موڭغۇل | 52 435 | 111 148 | 2.45 |
| شىبە | 11 668 | 25 994 | 2.23 |
| تاجىك | 130 086 | 230 532 | 2.39 |

بۇ كىتاپتا، كېيىنكى يىللاردا سانى كېمىيىپ كەتكەن ئۆزبېك، تاتار ۋە رۇس قاتارلىق مىللەتلەر بايان قىلىنمىغان (30). شۇنىڭدەك، بۇ كىتاپتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆسۈش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، خۇيزۇلار بىلەن قازاقلارنىڭ ئۆسۈش نىسبىتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەر سۆزلەنمىگەن.

ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇلارنىڭ ئۆسۈش نىسبىتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىكى سەۋەب، گەنسۇ، يۈننەن ئۆلكىلىرىدىن كۆپلىگەن خۇيزۇلارنىڭ شەرقىي - تۈركىستانغا كۆچۈپ كەلگەنلىكى ۋە چېگرىدىكى رايونلاردىكى قازاقلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىدى.

ئەسلىدە 1967 - يىلى مىڭلارچە قازاقلارنىڭ قازاقىستانغا قېچىپ كەتكىنىدىن كېيىن، تۈركىستاندىكى قازاقلارنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىش خەۋپىدە قالغانىدى. كېيىن چېگرىدىكىلەرنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ سانى كۆتۈرۈلدى.

ھەقىقەتتە، ئەگەر جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار دۇنيادىكى باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىدەك ئەركىن، ئازادە، مۇستەقىل ياشايدىغان بولسا، ئاندىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ "جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار خەنزۇلاردىنمۇ تېز كۆپىيىۋاتىدۇ" دېگەندەك ئوخشاش قۇرۇق داۋاسى ئاقىقان بولاتتى. ئەمما جۇڭگونىڭ شارائىتىدا نەتىجە پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ. ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ ئاساسلىق چوڭ مىللەت. ئۇلارنىڭ يىللىق ئۆسۈش نىسبىتى ئاران 1.92% (31).

1952 - يىلدىكى ئون مىلىيون ئاھالىلىك مۇسۇلمانلار 1982 - يىلىغا كەلگەندە ھەتتا ئون بەش مىلىيونغىمۇ يېتەلمىدى .

شەرقى تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ كۆپلۈكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆسۈش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەر ھەرگىزمۇ نامەلۇم ئەمەس . چۈنكى ئۇلار ، جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ مەيدانغا چىقىدىغان سىپاھىلارنىڭ ئەڭ كۆپلىرىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن كۆپ كىشىلەر ھۆكۈمەتنىڭ قىيىن - قىستاقلىرىغا ئۇچرىشىغا دۇچ كېلىدۇ .

دۇنيادىكى تارىخ ماتېرىياللىرىدا بايان قىلىنىشىچە :

1950 بىلەن 1972 - يىللار ئارىسىدا ئۆلۈم جازاسى بىلەن يوقىتىلغان تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 360 000 دىن ئاشىدۇ (32). قوشنا دۆلەتلەرگە ئىلتىجا قىلىپ ، قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ سانى 100 000 دىن ئاشىدۇ (33). 500 000 دىن كۆپرەك كىشى جاپالىق ئىشقا سالىدىغان لاگېر مەيدانلىرىدا قاماقتا . شەرقى تۈركىستاندىكى لاگېر مەيدانلىرىنىڭ سانى 19 غا يېتىدۇ (34). ئۇنىڭدىن باشقا ،

1964 - يىلدىن باشلاپ تۈركىستاننىڭ لوپنۇر رايونىدا تەجرىبە قىلىنىۋاتقان ئاتومنىڭ تەسىرى بىلەن ھالاك بولغانلارنىڭ سانى مەلۇم ئەمەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتومنىڭ تەسىرى بىلەن ھەر تۈرلۈك راك كېسەللىرى تارقالدى . بەزى خەنزۇ دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە ، خۇسۇسەن تېرە راك كېسىلى ئاتومنىڭ تەسىرى بىلەن كۆپ تارقالغان .

1988 - يىلى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچى رادىئوسىدا ، جىگەر كېسىلىگە مۇپتىلا بولغانلارنىڭ سانى 122 000 گە يەتكەنلىكىنى ۋە ئۇلاردىن 54% كىشى شۇ كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى .

مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپەيمەستىن بەلكى تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان مۇشۇنداق يامان شارائىتتا ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاننى تەرەققى قىلدۇرۇشقا ئىشچى كاملايدۇ دېگەن قۇرۇق باھانىسى بىلەن بۇ جايغا سېلىۋالغان خەنزۇ مۇھاجىرلىرىنى يۆتكەش دولقۇنلىرىنى قوزغىۋاتقان بىر پەيتتە ، 1986 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى شىنخۇا ئاگېنتلىقى خەۋەرلىرى 1988 - يىلى 7 - ئايدىن ئېتىبارەن شەرقى تۈركىستان خەلقىگە تۇغۇت چەكلەش قانۇنى

1952 - يىلدىكى ئون مىليون ئاھالىلىك موسۇلمانلار 1982 - يىلغا كەلگەندە ھەتتا ئون بەش مىليونغىمۇ يېتەلمىدى .

شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ كۆپلۈكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆسۈش نىسبىتىنىڭ توختاپ قېلىپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەر ھەرگىزمۇ نامەلۇم ئەمەس . چۈنكى ئۇلار ، جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ مەيدانغا چىقىدىغان سىياسىلارنىڭ ئەڭ كۆپلىرىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن كۆپ كىشىلەر ھۆكۈمەتنىڭ قىيىن - قىستاقلىرىغا ئۇچراشقا دۇچ كېلىدۇ .

دۇنيادىكى تارىخ ماتېرىياللىرىدا بايان قىلىنىشىچە :

1950 بىلەن 1972 - يىللار ئارىسىدا ئۆلۈم جازاسى بىلەن يوقىتىلغان تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 360000 دىن ئاشىدۇ (32). خوشنا دۆلەتلەرگە ئىلتىجا قىلىپ ، چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ سانى 100000 دىن ئاشىدۇ (33). 500000 دىن كۆپرەك كىشى جاپالىق ئىشقا سالىدىغان لاگېر مەيدانلىرىدا ياتماقتا . شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېر مەيدانلىرىنىڭ سانى 19 غا يېتىدۇ (34). ئۇندىن باشقا ، 1964 - يىلدىن باشلاپ تۈركىستاننىڭ لوپنۇر رايونىدا تەجرىبە قىلىنىۋاتقان ئاتومنىڭ تەسىرى بىلەن ھالاك بولغانلارنىڭ سانى مەلۇم ئەمەس .

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتومنىڭ تەسىرى بىلەن ھەر تۈرلۈك راك كېسەللىرى تارقالدى . بەزى خەنزۇ دوختۇرلارنىڭ تەكىتلىشىچە ، خۇسۇسەن تېرە راك كېسىلى ئاتومنىڭ تەسىرى بىلەن كۆپ تارقالغان .

1988 - يىلى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچى رادىئوسىدا ، جىگەر كېسىلىگە مۇپتىلا بولغانلارنىڭ سانى 122000 گە يەتكەنلىكىنى ۋە ئۇلاردىن %54 كىشى شۇ كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى .

مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپەيمەستىن بەلكى توختاپ قېلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان مۇشۇنداق يامان شارائىتتا ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشچى كاملايدۇ دېگەن قۇرۇق باھانىسى بىلەن بۇ جايغا مىليونلىغان خەنزۇ مۇھاجىرلىرىنى يۆتكەشنى دولقۇنلىرىنى قوزغىۋاتقان بولۇپ ، 1966 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى شىنخۇا ئاگېنتلىقى خەۋەرلىرى 1988 - يىلى 7 - ئايدىن ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە تۇغۇت چەكلەش قانۇنى

يۈرگۈزۈلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى (35) .

بۇ ئىجرائاتلاردىن ، شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ ئىسلامىي شەخسىيىتى ۋە ئەخلاقىي ئەنئەنىسىنى يوقىتىپ ، ئۇلارنى خەنزۇ-لارغا يۇتۇلىدىغان ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىشكە ئالدىراشتىن باشقا مەقسىتى بارمۇ ؟! .

# ئالتىنچى باب

## شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ، جۇڭگونىڭ ئۇچايىدىكى خەنزۇ يەرلەشتۈرۈش ھەركىتىگە قارشى كۈرەشلىرى

جۇڭگولۇقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئۆز ئادەملىرىنى يەرلەشتۈرۈش ھەركىتىگە تۈركىستان خەلقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى تۇرۇشى ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن بۇرۇنلا باشلانغانىدى . 1930 - يىلى قومۇلدا كۆ-تۈرۈلگەن خوجا نىياز ھاجىم ئىنقىلابىمۇ ، تۈركىستان خەلقىنىڭ جۇڭگولۇق مۇھاجىر-لارنىڭ بۇ رايوندا يەرلىشىشىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئازادلىق كۈرەشلىرىدىن بىر نەمۇنە ئىدى . شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئومۇمىيۈزلۈك قارشىلىق كۈرەشلىرى ھەرخىل شەكىللەردە تارىخنى بېسىپ ئۆتتى .

سەيپىدىن ئەزىزى 1957 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچى رادىئوسىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «سوتسىيالىزمغا قاراپ ئېقىشىۋاتقان مۇشۇ دەۋرىمىزدە ، يەرلىك ۋەتەن پەرۋەرلىك ھەركەتلىرى خۇسۇسەن زىيالىيلار ئارىسىدىكى جۇڭگوغا قارشى ھەركەتلەر يىللاردىن بېرى كۆپىيىپ كەلمەكتە . چۈنكى ئۇلار جۇڭگولۇقلارغا قارشى دۈشمەنلىك ھەركەتلىرى

ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ ۋە جۇڭگولۇقلارنى چەتئەللىكلەر دەپ قارايدۇ. بەزى
يەرلىك ئەرەپپازلار، جۇڭگولۇقلارنى يۇرتىمىزدىكى بالايى-ئاپەتلەرنىڭ سە-
ۋەپچىسى دەپ ساناپ، ئۇلارنى بىرلايۇف (شەرقىي تۈركىستان) دىن قوغلاپ
چىقىرىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. مەخسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يوشۇرۇن
قۇرۇلغان بەزى گۇرۇپپىلار، جۇڭگونى مۇستەملىكىچى دۆلەت، جۇڭگولۇقلار-
نى سوتسىيالىزمنى بەرپا قىلىش ئەمەلگە ئاشىدۇ دەپ قارايدۇ» (36).
لىدىيا خولۇبنىچى مۇنداق دەيدۇ: «1958-يىلى جۇڭگودىن ئايرىلىپ
مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلغان بىر قانچە يەرلىك كوممۇنىست ئەمەلدارلىرىنىڭ
ئىسمىلىرى بايان قىلىندى، ئۇلار: شەرقىي تۈركىستاندىكى يېزىقچىلىق كومىتېتىنىڭ
سابىق رەئىسى ۋە مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى زىيا سەمەدى، ئىچكى
ئىشلار ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى ئىبراھىم تۇردى، تىجارەت ئىدارىسىنىڭ
سابىق مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرازاق قارى، ئىلى قازاق ئاپتونوم
ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن شۆجىسى ئابدۇرېھىم ئەيسا قاتارلىقلار ئىدى»
غەربلىك كۆزەتچىلەرنىڭ مۇلاھىزە قىلىشىچە: ئىلى قازاق ئاپتونوم
ئوبلاستىنىڭ ھۆكۈمەت شۆجىسى، ئەلىق مەھكىمىسىنىڭ رەئىسى ۋە ئىلى رايونلۇق
پارتىيە كومىتېتىدىكى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق بىر قانچە كىشىنىڭ
ۋەزىپىلىرىدىن بوشىتىلىشى، ئۇلاردا مۇشۇ قاراشلارنىڭ بارلىقىنىڭ نامايەندىسى
ئىدى. يەرلىك گېزىت خەۋەرلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى كوممۇنىستىك پارتىيە
ئىچىدە بۆلگۈنچىلىكنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سىياسىي
قارشىلىق كۆز قاراشلىرى كۆرۈلدى. ئۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ،
شەرقىي تۈركىستاننىڭ، جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئەمەس ئىكەنلىكى تەكىتلىنىشى،
يەرلىك كوممۇنىستلارنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى فېدېرالى
جۇمھۇرىيەتلەردەك فېدېرالى جۇمھۇرىيەت ئىتتىپاقى ئىچىدە مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت
قۇرۇشنى تەلەپ قىلىشى ۋە بۇ رايوننىڭ «شىنجاڭ» دەپ (زورلۇق بىلەن)
ئاتىلىپ قالغان نامىنى ئۇيغۇرىستان ياكى شەرقىي تۈركىستانغا ئۆز-
گەرتىشنى تەلەپ قىلىشى قاتارلىقلار» (37).
مەملىكەتلىك مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ باشلىقى لىيو گونىڭ شەرقىي تۈركىستان-
لىقلارنىڭ جۇڭگولۇقلارغا بولغان نەپرىتىنى، ئۇلارنىڭ ئىستىقلال تەلەپ قىلىدىغان-

لىقلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىرىگە خىتايلارنى يەرلەشتۈرۈشنى توختىتىشنى
تەلەپ قىلدىغان ئىنقىلابنى تەكىتلىدى . ئۇ تۈركىستانلىقلارنىڭ سۆزلىرىنى
تۆۋەندىكىدەك نەقىل كەلتۈرگەن : «ھەقىقى سوتسىيالىزمدىن ئايرىلساقمۇ
مۇستەقىللىقنى خالايمىز . رايونىمىزغا كېلىدىغان مۇھاجىرلار يەنە داۋام
قىلىدىغان بولسا چېگرانى تاقايمىز . خەنزۇ كادىرلار بۇ رايوندىن چىقىپ
كەتكەندىلا ئاندىن شەرقى تۈركىستان رايونى ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن
بەھرىمەن بولغان بولىدۇ . ئەمما ئۇلار بۇ رايوندىن چىقىپ كەتمەيدىكەن
بۇ رايوندا ھەرگىزمۇ ئاپتونومىيە ھوقۇقى تولۇقلانمايدۇ ۋە ئاپتونومىيە
قانۇنى ئەمەلگە ئاشمايدۇ» (٢٨) .

تۈركىستانلىقلارنىڭ ، جۇڭگونىڭ خەنزۇ يەرلەشتۈرۈشنى توختىتىشنى
تەلەپ قىلىشى ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىگە كېلىدىغان خەتەرلەرنىڭ
ئاقىۋىتىنى ئۇلارنىڭ سېزىشى بىلەن بىرگە باشلاندى .

1964 - يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تەيۋەندىكى جۇڭگو ئاگېنتلىق
خەۋەرلىرى ، كوممۇنىست ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى 800 دىن ئارتۇق ئىنقىلاۋى
ھەرىكەتنىڭ 1963 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە بولغان بىر يىل ئىچىدە يۈز
بەرگەنلىكىنى بايان قىلدى . بۇ ۋەقەلەر گەرچە ماۋزېدوڭنىڭ ۋاختىدىكى
قانلىق كوممۇنىزم دەۋرىدە يۈز بەرگەن بولسا ، دېڭشياۋپىڭنىڭ سىرتقا
ئىشىكنى ئېچىۋاتقان ھازىرقى دەۋرىدىمۇ ، ۋەزىيەت يەنىلا بۇرۇنقىدىن كۆپ
ئۆزگەرمىگەن ، چۈنكى خەتەر ھەمىشە كۆز ئېچىپ تۇرماقتا ، زۇلۇم داۋام
قىلماقتا . ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى بۇرۇنقىدىن تېز ھۆكۈم سۈرمەكتە .
مۇئامىلىدە بىر گۇرۇھنى يەنە بىر گۇرۇھتىن ئارتۇق كۆرۈش ، مانا بۇ ئايرىمـ
چىلىقنىڭ ئۆزىدۇر . بۇ ئايرىمچىلىقتىن مۇسۇلمانلار قەھرى قىلىنماقتا .
شەرقى تۈركىستان رايونلۇق كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ
بۇنداق ئايرىمچىلىقنىڭ بارلىقىغا ئېتىراپ قىلدى . ئۇ «ۋاشىنگتون پوست»
گېزىتىگە سۆزلىگەن سۆزىدە مۇنداق دەيدۇ : «ھەقىقەتەن ئۇجاي (تۈركىستان) دا
خەنزۇلار بىلەن ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا ئايرىمچىلىق بار . ئۇلار
ئىقتىسادى جەھەتتىن تەڭ ئەمەس . ئايرىمچىلىق يۈز بەرگەن ھامان
ئىككى تەرەپ ئارىسىدا قارشىلىق يۈز بېرىدۇ» (٢٩) .

جېم مانا ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرلار نەگىلىك ئىزدەيدۇ» ناملىق ماقالىسىدا
مۇنداق دەپ يازىدۇ: «قەشقەردە خەنزۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يېڭى،
ئېپىل، زامانىۋى بىنالاردا ئولتۇرىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلار لايدىن سېلىنغان
ئەسكى ئۆيلەردە ياشايدۇ. ئۇ ئۆيلەردە سۇ تۇرۇبىلىرىمۇ يوق» (40).

بۇ ھەقتە، ئۇيغۇر ھەمشىرەلەرنىڭ ئارىسىدا بىر ئۇيغۇر موزدوز ئارقىلىق
كەڭ تارقالغان مۇنداق بىر قىزىق ئۆتەلىك بار. ھېلىقى موزدوز
ئادەم شەھەرگە يېقىندا كەلگەن بىر يالاڭ ئاياغ خەنزۇنى كۆرىدۇ.
ئەتىسى ئۇ خەنزۇ ئۇيغۇرلارغا باشلىق بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى
ھېلىقى خەنزۇ زاۋۇتقا مۇدىر بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. يەنە بىر ھەپتىدىن
كېيىن ھېلىقى خەنزۇ رايونلۇق كوممۇنىستىك پارتىيە دائىمى كومىتېتىنىڭ
ئەزاسى بولۇپ قالىدۇ. (41).

لىنا .ھ، سون مۇنداق دەپ يازىدۇ «قەشقەردە يەكشەنبىلىك
دەم ئېلىش كۈنىدە يىگىرمىدىن ئارتۇق خەنزۇ ياش بىر دۇكاندارنىڭ ئالدىدا
توپلىشىپ، تاماكا چېكىشىدۇ. ئۈنئالغۇنىڭ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ
غەرب مۇزىكىسى ئاڭلايدۇ. خەنزۇ مەھەللىدىن باشقا ھېچ قانداق
ئادەم ئۇلارغا يېقىنلىشىشقا پېتىنالمايدۇ. بەلكى ئۇ مەھەللىدىكى خەلقلەر
ئۆزلىرىنىڭ سودا-سېتىقلىرىنى تاماملاش ئۈچۈن باشقا تەرەپكە
يۆتكىلىدۇ.» (42).

تۈركىستانلىقلارنىڭ زۇلۇم قىلىنىشى ئاساسسىز ئەھۋال ئەمەس.
زۇلۇم مىللىي ئايرىمچىلىقتىلا توختىمايدۇ. ئەگەر ئاندىن بولىدىغان
بولسا ھۆكۈمەت ئەلۋەتتە زۇلۇم قىلىشقۇچىغا ئىنساپ قىلغان بولاتتى.
ئەمما يۈز بېرىۋاتقان بارلىق ئەھۋاللار يەرلىكلەرگە قارشى تاجاۋۇزچى
گۇرۇھلار بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ بىرلىشىۋالغانلىقىدىن كېلىپ چىققان.

1987-يىلى 9-ئاينىڭ 18-كۈنى گۇاڭجۇ شەھىرىدە 100 دىن
ئارتۇق ئۇيغۇر، شەھەر ساقچىلىرىنىڭ بەزى ئۇيغۇرلارنى ئۇرغانلىقىنىڭ
سەۋەبىنى سوراۋىشتە قىلىش ئۈچۈن شەھەر ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا توپلىنىدۇ (43).

كېيىنكى يىللاردا جۇڭگو مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا
قارشى بىر قانچە قېتىملىق قانلىق ئىنقىلابلار يۈز بەردى. ئۇ چاغدا،

بىر ئۇيغۇر ياش خەنزۇلار تەرىپىدىن ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار خەنزۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە خەنزۇلار ئىشلەيدىغان زاۋۇتلارنى خاراب قىلدى. بۇ ئىنقىلاب بىر قانچە كۈن داۋام قىلغاندىن كېيىن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ فىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان رايونلۇق ھۆكۈمىتىنىڭ (شىنجاڭدىكى) رەئىسى ئىسمائىل ئەھمەت بۇ ئىنقىلابنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە ئارىلىشىشقا مەجبۇر بولدى (44).

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب 1980 - يىلى ئۆكتەبىردە قەشقەر شەھىرىدە قوزغالدى. ئۇ چاغدا بىر خەنزۇ ئەسكەر ئۆزىنىڭ يېنىدا ئىشلەيدىغان بىر ئەمگەكچى ئۇيغۇر ياشنى. ئۆز ئىشى ھەققىنى تەلەپ قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ماشىنىسىدا باستۇرۇۋاتىدۇ. خەلق مەھكىمىسى ھېلىقى ئەسكەرگە ئۇنىڭ قىلغان جىنايىتىگە بىنائەن ئۆلۈم جازاسى كېسىدۇ. ئەمما جۇڭگو ئارمىيىسى تارىمدىكى ئەسكەر گورۇپپىسى بۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشقا قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ ۋە ئەگەر ئىجرا قىلىنىدىغان بولسا، بۈتۈن ئاھالىنى قىرىپ تۈگىتىشكە تەھدىت سالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن شەھەر خەلقى جۇڭگو ئەسكەرلىرىگە ۋە جۇڭگو موھاجىرلىرىغا قارشى قوزغىلىدۇ. بۇ ئىنقىلاب بىر قانچە كۈن داۋام قىلدى. ھەتتا 6 گورۇپپا ئەسكەر يېتىپ كېلىپ بۈتۈن شەھەرنى قورشىۋالىدۇ ۋە خەلقنى باستۇرىدۇ (45).

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچىنچى قېتىملىقى 1981 - يىلى فېۋرالدا قارغىلىق ناھىيىسىدە، تۆتىنچى قېتىملىقى 1981 - يىلى مايدا پەيزاۋاتتا، بەشىنچى قېتىملىقى 1982 - يىلى خوتەندە پارتىلىدى.

ئارقا - ئارقىدىن پارتىلىغان بۇ خەلق ئىنقىلابلىرى جۇڭگولۇق موھاجىرلارنى، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتىشلىرىنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

شۇنىڭدەك بۇ ئىنقىلاب 1980 - يىلى ئۆكتەبىردە ئاقسۇ ۋىلايىتىدە قوزغالدى. بۇ چاغدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىنى ئويلىنىپ بىر تەرەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن دېڭشىياۋپىڭ 1951 - يىلى

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە بولغان قىسقا مۇددەتتە شەرقىي تۈركىستاندا زىيارەتتە بولدى . ئۇ ، بارلىق ئەھۋاللاردىن ۋاقىپ بولدى . بولۇپمۇ ئۇ ، ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىغا دۇچ ئەگمەيدىغان مۇستەھكەم ئىرادىسىنى ۋە مۇستەقىللىققا بولغان چوڭقۇر رىغبىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ھەركەتلىرىنى قەتئىي تۈردە باستۇرۇشقا كەسكىن بۇيرۇقلارنى بەردى (46) .

شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ جۇڭگو مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە ، جۇڭگونىڭ بۇ رايونغا خەنزۇلارنى يەرلەشتۈرۈش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ چېقىپ كېتىشلىرىنى تەلەپ قىلىپ ، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قانلىق ئىنقىلابلىرىدىن تاشقىرى ، 1985 - يىلى 12 - دېكابىر كۈنى ئۈرۈمچىدە مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار نامايىشى قىلدى (47) . بۇ نامايىشنىڭ كۆتۈرۈلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەپ ؛ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسمايىل ئەھمەتنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ، خەنزۇلارغا خۇشامەتخورلۇقى بىلەن تونۇلغان رەزىل شەخس تۆمۈر داۋامەتنى تەيىنلىگەنلىكى ئىدى . بۇ نامايىش ئۈرۈمچىدە بىرقانچە كۈن داۋام قىلدى . كېيىن بېيجىڭ ، شاڭخەيلەردىكى تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار شۇندىقلا ئوخشاش نامايىشلارنى ئۇيۇشتۇردى (48) .

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ نامايىشلىرىدىن بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى تەلەپلىرىنى كەسكىن قوللىشىدىكى جۈرئىتىدىن ناھايىتى چۆچۈپ كەتتى ھەم قورقتى .

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپلىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى :

1) شەرقىي تۈركىستاندا ئاتوم تەجرىبىسىنى توختىتىش .
2) خەنزۇلارنى بۇ رايونغا يۆتكەشنى توختىتىش ۋە لوگەي مەيدانلىرىنى تاقاش .
3) شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىنى يولغا قويۇشتىن كەچۈرۈم قىلىش .
4) كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى ئىختىيار قىلىشتا ئەركىن سايلام ئۆتكۈزۈش .

٥) تۈركىستاندىكى زاۋۇت ۋە پابرىكىلاردا ئىشلەشتە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىرىنچى سەپنى بېرىش.

٦) شەرقىي تۈركىستاننى گۈللەندۈرۈش ۋە يۈكسەلتىش ئۈچۈن دايىملىق ھۆكۈمەت ئۆز بايلىقلىرىدىن ئۆزى پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش.

٧) شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىقتىسادى، سەھىيە ۋە تىلى جە- ھەتلەردىن تەرەققىي قىلىشىغا ئېھتىمام بېرىش (49).

لېكىن ئەپسۇسكى، تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ تەلەپلىرى ھېچ بىر ئېھتىماغا ئېلىنمىدى. بەلكى جۇڭگو ھۆكۈمىتى نامايىشچىلارنى تەھدىت بىلەن تارقىتىۋەتتى ۋە ئۇلارنىڭ باشچىلىرىنى قولغا ئالدى. شۇنداق قىيىن ئەھۋاللار ئاستىدىمۇ مۇسۇلمانلار يەنىلا ئۈمىتسىزلەنمىدى. بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆز ھەقلىرىنى تەلەپ قىلىشتىكى مۇستەھكەم ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەلدى.

1988 - يىل 15 - ئىيۇن كۈنى ئۈرۈمچىدە ئىككىنچى قېتىملىق نامايىش كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭدا 600 دىن 1000 غا قەدەر ئوقۇغۇچى ئەشكىللىنىپ ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى ئايلاندى.

ئۇلارنىڭ تەلەپلىرى؛ جۇڭگولۇقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كېتىشى. تۇغۇت چەكلەش قانۇنىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن كەچۈرۈم قىلىنىشى. ۋە شىنجاڭ داشۆيدە يولغا قويۇلغان، مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنى يېمەك- ئىچمەك ۋە ياتاقتا خەنزۇلار بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ھەددىدىن ئاشقان ھەقسىزلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىدى. (چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ دىنى ئېتىقادى ۋە ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادىتىگە زىت كېلەتتى) (50).

1988 - يىلى ئاۋغۇستنىڭ باشلىرىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى جۇڭگو دائىرىلىرى جۇڭگو كوممۇنىست ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ھەرقانداق نامايىش ياكى ئىستىقلال تەلەپ قىلىش ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي باستۇرۇش ۋە جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار بىلەن يەرلىك خەلق ئارىسىدىكى مىللىي دۈشمەنلىكنىڭ ئۇچ ئېلىشىنى كەسكىن توسۇش ھەققىدە كۆپلۈك قارار چىقاردى (51). لېكىن تىنچسىزلىق ئىلى دايىرىدا يېيىلاندى. بۇنىڭ بىلەن 1988 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جانابىل سوۋېت

ئىستاپقىنى ئىلىدىكى مۇسۇلمانلارنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغۇلۇشقا قوترىتىشتى دەپ قارىلىدى (52). شۇنىڭدەك 1988-يىلى 8-ئاينىڭ 5-كۈنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىستاپقىنى ئۇ جايدىكى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاقىبىتىدىن ئاگاھلاندۇردى (53).

# يەتتىنچى باب

## سىياسى ۋە ئىقتىسادى كەڭچىلىك دەۋرىدە

## جۇڭگونىڭ تۈركىستانغا ئادەم كۆچۈرۈشى

دېڭشياۋپىڭ 1978-يىلى جۇڭگونىڭ ھاكىمىيەت تىزگىنىنى ئۆز قولىغا كەلتۈرۈۋالغاندىن باشلاپ، جۇڭگو سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى تەرەپلەردىن نىسبى كەڭچىلىك تەرىپىگە قاراپ سىلجىۋاتىدۇ. مانابۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ماۋزېدۇڭ ۋە تۆت كىشىلىك گورۇھ قوللانغان ئەرەپپارلىق سىياسەتنىڭ تەسىرلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ئۇ مەزگىللەردە جۇڭگو خەلقى باشقا خوشنا ئەللەرگە قارىغاندا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن ھېچ بىر تەرەققى تاپالمىغانىدى.

ھازىرقى ھۆكۈمرانلىق، غەرب دۆلەتلىرىدىن زامانىۋىلىشىش تەرەققىياتىنى يۆتكەش، جۇڭگونىڭ ئىچىدە ۋە سىرتىدا تىجارەت ئىشلىرىنى قوللاندۇرۇش ۋە چەكلىمىدىن ئاشقان سىياسى، ئىجتىمائى ۋە ماددى زۇلۇملارنىڭ دەستىدىن قاقشىغان خەلقنىڭ جۇڭگو داشىرلىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بىر ئاز دىنى ۋە شەخسى ئەركىنلىكلەرنى بېرىش ئارقىلىق خەلقنى ئىقتىسادى ۋە مەدەنى جەھەتلەردىكى تۇتۇەلىكىشتىن قۇتقۇزۇشتا، ئومۇمى سىياسەتلەردە بىر قاتار ئۆزگىرىش

ئېلىپ بېرىش ۋە مۇستەبىتلىك ئىستىبدادىنى بىرئاز يېنىكلىتىش ئۈچۈن
كۈچ چىقىرىۋاتماقتا. لېكىن ھەقىقەتتە، بۇنداق ئىقتىسادى، ئىجتىمائى
ئۆزگىرىشلەر ۋە ئازراق سىياسى ئەركىنلىكلەر ھەرگىزمۇ سوتسىيالىزمنى
ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلمايدۇ. بەلكى بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ
( يەنى جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ ) گۇمانىدا، جۇڭگو خەلقىنى مەدەنى تەرەققىيات
ۋە كەڭ ئاشا ياشايدىغان، باياشات تۇرمۇشقا ئۇيۇشتۇرىدىغان كوممۇ-
نىستىك ئىسلام ۋە قانۇنىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان نائاللىق ۋە
يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن بىر ۋەسىلىدۇر.

مۇسۇلمانلار ئۈمۈمەن، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرقى ئۆزگىرىش دەۋ-
رىدە ياشاۋاتقان پۈتۈن جۇڭگو خەلق ئاممىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان سىياسىتىنىڭ تۆۋەندىكى سەۋەبلەر ئۈچۈن
ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار:

1) شەرقى تۈركىستان بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى غەربى تۈركىستان،
ئافغانىستان، پاكىستان ۋە كەشمىر قاتارلىقلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۇنىڭ
كېيىندە ئوتتۇرا شەرق بولۇپ، بولار ئىجتىمائى، مەدەنى ۋە تارىخى
بىرلىك بىلەن ئاھالىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان ئىسلام رايونلىرىدۇر.

بۇلارغا ئېھتىمام بېرىش تۆۋەندىكى نەتىجىلەرنى كەلتۈرىدۇ:

1 — ئىسلام دۇنياسىغا جۇڭگونىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى ياخشى كۆرسىتىدۇ
ۋە ئاڭلىتىدۇ. جۇڭگونىڭ سىياسى ۋە تىجارى غەرەزلىرىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشقا شارائىت يارىتىدۇ. بولۇپمۇ شەرقى تۈركىستان، جۇڭگونىڭ
خۇنجىراپ ( پاكىستان چېگرىسى ) قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق غەربى
ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ۋە قىسقا يول بىلەن ھىندى ئوكيانىغا يېتە-
لەيدىغان بىردىن بىر ئاساسلىق دەرۋازىسىدۇر.

2 — ئېچكى شارائىتلارنى تولۇقلاش ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسىدا
ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىسلام ھەركەتلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا بولىدىغان تەسىرىنى
ئازايتىش. بۇنىڭدىن پەقەت ئىقتىسادى ئەھۋاللارنى ياخشىلاش،
دىنى، ئىجتىمائى پائالىيەتلەر بىلەن چەكلىك ھالدا شۇغۇللىنىشقا يول
قويۇش، شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلار بىلەن باشقىلار ئارىسىدىكى ئايرىمچىلىق-

سىنى پەسەيتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

② روسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئافغانىستاندىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن ئافغان مۇجاھىدلىرىنىڭ ئىسلامى ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىشتا غەلىبە قازىنىشى ئىزلىگەن مۇسۇلمانلارنى جۇڭگو مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلاب قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئىسلامى جىھادلارنىڭ تەجرىبىلىرى ئارقىلىق شىجائەتلەندۈردى.

③ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ ١٩٥٦ - يىلى ۋېنگىرىيەگە، ١٩٦٨ - يىلى چېخوسلوۋاكىيەگە بېسىپ كىرگەندىكى ھادىسىسى روسىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قوشۇن كىرگۈزۈپ مۇسۇلمانلار ئىنقىلابىنى قوزغاش تاماسىنى كۈچەيتىۋاتتى. مۇسۇلمان سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ٥٠ مىڭغا يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى جۇڭگو مۇستەملىكىسىدىن ئازات قىلىشقا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرى يېڭى كۈچلۈك ئىدى.

④ شەرقىي تۈركىستان ئۆزىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى، يەر مەيدانى شارائىتى، ھېساپسىز بايلىقى ۋە زىرائەتچىلىك ئىمكانىيەتلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى پايدىلىنىش ئورنى، غەرب تەرەپكە چىقىش ۋە خەنزۇ ئاھالىسىنى ياقا يۇرتلارغا قەدەر كۆچۈرۈش ئۈچۈن شەرقىي ۋە جەنۇپتىكى ئاھالىلارنى ئومۇميۈزلۈك كۆپەيتىشتە ئاساسلىق جۇغراپىيە مەركىزى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

١٩- ئەسىردىكى جۇڭگو سىياسىتىنىڭ پىلانى ئەنە شۇنداق ئىدى.

١٩٦٤ - يىلى ماۋزېدۇڭنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇڭگونىڭ ئېگىلىكىدىكى ئايرىلماس بىر پارچە دېيىشى ھەقسىز داۋالارنى قوزغاپ چىقىشقا تۈرتكە بولغان ئەنسىمۇ مانا موشۇ پىلان ئىدى. لىيۇ فېڭخۋانىڭ «بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىمۇ موشۇ داۋا سۆزلەنگەن. بۇ ئەسەر بېيجىڭدا 1952 - 1954 ۋە 1957 - يىللىرى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنغان.

جۇڭگو سىياسىتىنىڭ بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسىدىكى مەقسەتلىرىگە توغرا يېتىش مەسىلىسى، جۇڭگولۇقلارنىڭ تارىخى مەزمۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى تارىخ بولسا، ئۇ بىر - بىرىگە زەنجىرسىمان باغلانغان بىر نەرسىدۇر. جۇڭگولۇقلار ئەزەلدىنلا ئۆز تارىخىنى يېزىپ

قالدۇرغان خەلقلەردۇر . ئۇلار ھەمىشە باشقىلارنىڭ زېھنىلىرىدا كېڭىيىش-
نىڭ ئىنتايىن زورور شەكىللىكىدىن ئىبارەت ئەجدادلىرىنىڭ پىلانلىرىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى . چۈنكى ئۇلار سىرىق دەريا ۋادىسىدىكى ئۆز
ماكانلىرىدىن سەددىچىنگە قەدەر بولغان دەسلەپكى كېڭەيتىكەن دەۋرىدىن
باشلاپ داۋاملىق تۈردە ئەسكەر كۆچۈرۈپ يۆتكىلىپ تاجاۋۇز قىلىش ئارقىلىق
كېڭەيتىشنى داۋام قىلىپ كېلىپ ھەتتا بۈگۈنكى جايلارغا قەدەر يەتتى .
ئۇلار مۇندىن كېيىن كەلگۈسىدىكى كېڭەيتىش پىلانلىرىنى ئىشلىمەكتە .

جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسىدىكى كېڭەيتىش پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئا-
شۇرۇشتى ئۈچۈن تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسى ئويۇنلىرىدىن تاشقىرى
جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ موستەملىكىچى سىياسىتىنى تۆۋەندىكى ئۈچ
نۇقتىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئېلىپ بارماقتا .

1) شەرقى تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن دىنى ، ئىجتىمائى ۋە مەدەنى ئەركىنلىكلەرنى
بىر قەدەر تولۇق بېرىش . موسولمانلارنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى بۇرۇن كوممۇنىستلارنىڭ
قانلىق سىللىرىدا شۇغۇللانالماي قالغان بەزى پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا
بۇيرۇۋېتىش ئۈچۈن ، ئۇلارغا جۇڭگونىڭ سىياسى غەرەزلىرىگە زىت كەلمىگەن
مىقداردا ئىقتىسادى پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىشتا شارائىت يارىتىپ بېرىش .
جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھازىر ئىسلامنى بۇرۇنقى يوقىتىش ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىستىبدادى
سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئۆز رىغبەتلىرىنى قاندۇرۇشقا باشلىدى .

2) دۆلەتلەر ئارا خۇسۇسەن ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن بولغان دىپلوماتىك
ئالاقىلىرىنى ياخشىلاش . موسولمانلارغا ۋە باشقا مىللەتلەرگە بىر قەدەر
ھۆررىيەتنى بېرىش ئارقىلىق ، ئىسلامى ۋە ئالەمى ئومومىيۈزلۈك كۆز قاراشنى
شەككە تاشلاش ئۈچۈن موسولمانلارنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
كونتىرولى ئاستىدا باشقا جايلاردىكى ئىسلامى ھەيئەتلەر بىلەن قويۇق ئالاقىلارنى
باغلاشقا تەشەببۇس قىلىش .

3) ئىچكى شارائىتلارنى تولۇقلاش . جۇڭگولۇقلارنى شەرقى تۈركىستانغا يەر-
لەشتۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن موھىت شارائىتلىرىنى ھازىرلاش .
تۈركىستاندا ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى كۈچەيتىش ، يۇقارقى پىلانلارنىڭ
ھەممىسىنى ئىقتىسادى كۈچلۈكنى باھانە قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش .

بۇ رايوننىڭ بايلىقلىرىنى ( جۇڭگونىڭ قولىدا ) ئاقىۋەتتە جوقۇم جۇڭگولۇق-لاردىنلا تەشكىل تاپىدىغان بۇ رايوننىڭ كەلگۈسىدىكى ئاھالىسىگە باياشاتلىق تۇرمۇش يارىتىش ۋە ئۇنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىش.

دوكتور دونالد مىكمىللەن مۇنداق دەيدۇ: «شەرقى تۈركىستاندىكى ئەھمىيەت جەھەتتە پارس قولتۇقى ۋە جەنۇبى غەربى ئاسىيانىڭ بايلىقىغا يېقىنلاشىدىغان تەبىئى بايلىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايوننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا چېگرىداش بولۇپ قالغانلىقى، جۇڭگونىڭ غەربى چېگرانى تەمىن ئېتىشتىكى شەھتامىنى ئاھايىت زور قوزغايدۇ ۋە بۇ جايدا خەنزۇلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، تەدرىجى ھالدا يەرلىك خەلقنىڭ قېنىنى شورىشىغا ۋە ئىقتىسادىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا. سىرتتىكىلەر مۇداپىئە سىپلىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق مۇداپىئەنى كۆپەيتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ».

ئۇ جۇڭگونىڭ شەرقى تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىنى ئېچىپ تاشلاپ مۇنداق دەيدۇ: ئۆزلىرى مۇھىتىدىكى سىياسى بىرۇ مۇسۇلمانلار بىلەن دىنسىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دىنى ئاداۋەتنىڭ قانداق قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسى ھەرىكەتلەرگە ئۆزگىرىپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە مولاھىزە قىلمايتتى. بۇنداق سىياسى ھەرىكەتلەر ئەلۋەتتە خۇسۇسا رايونلاردىكى ئۆزگىرىشلەرگە تەسىر كۆرسىتەلەيتتى. بېيجىڭدىكى ياكى ئۈرۈمچىدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى يۈز بېرىۋاتقان ياكى يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان مۇشۇ تەھدىتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، جۇڭگولۇق مۇھاجىر ياشلارنىڭ شىكايەتلىرىنى ئاڭلاش، يەرلىك خەلق بىلەن ئارمىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ياخشىلاش ۋە بۇ رايوننىڭ مەخسۇس شارائىتلىرىنى بىلىپ يېتىدىغان كۈچلۈك بىر ھاكىمىيەتنى بەرپا قىلىشقا يۈزلىنىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ ئىشلارنى ئىجرا قىلىشتا يەنىلا ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى بويىچە ئىش كۆرىدۇ [54].

يۇقارقى ئىپتىباسلىرىمىز، ياۋروپالىق مۇتەخەسسىسلەردىن بىرىنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىسىدا ئىگە بولغان كۆز قارىشى بولسا، بۇ كۆز قاراشلار جۇڭگودىكى مەسئۇللارنىڭ ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق تۆۋەندىكىچە تەكىتلىنىدۇ:

بىرىنچى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ «سابىق» شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆزى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى تولۇق ئىمكانىيەتكە ئىگە بولغان چوڭ سەھرا ۋە كەڭرى ئويمانلىققا ئوخشاشنى كۆزدە تۇتۇلد- ىغانلىقىنى ۋە بۇ رايوننىڭ 6 مىليون ئۇيغۇر 5.3 مىليون خەنزۇدىن، تەركىب تاپقان 14 مىليون ئومۇمى ئاھالىسى، (پىلانىدىكى) 200 مىليون خەنزۇنى سىغدۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئوچۇق تەكىتلىدى (55).

ئىككىنچى، 1983 - يىلى جاۋزىياڭ بىلەن خۇ ياۋباڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى يېڭى ئەسىرنىڭ باشلىنىشى بىلەن بىرگە تەرەققى تاپقان بىر رايونغا ئايلاندۇرۇش باھانىسى ئارقىلىق ئۇچايغا خەنزۇلارنى يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن شەپكى شارائىتلارنى ھازىرلاش مەقسىتىدە شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلدى (56). چۈنكى بۇ ئىش ئىلمى تابىلىيەت ۋە ئىقتىسادى بايلىققا يۆنىلەتتى. ۋاڭ ئېنماۋ 1985 - يىلى ئۆكتەبىردە ئامېرىكىغا زىيارەتكە بارغىنىدا مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: «شەرقىي تۈركىستانغا كىرگۈزۈلىدىغان سانائەت ۋە زىرائەت تېخنىك ماشىنىلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا 1980 - يىلدىكىدىن بەش ھەسسە كۆپەيتىلىدۇ. بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىن كۆپلىگەن مۇھەندىس، ئىنژېنېر ۋە ماھارەتلىك ئىشچىلارنى شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ چىقىشقا يۆنىلىش ئىنتايىن زۆرۈر مەسىلىدۇر. جۇڭگولۇقلارنى شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشكە تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئۇلارغا ئالاھىدە مادى ئىمتىيازلارنى تەييارلىدى. داشۆنى پۈتتۈرگەنلەر شەرقىي تۈركىستانغا كېلىش بىلەنلا ئۇلار ئۆز مائاشلىرىنىڭ سىرتىدا يەنە ئالاھىدە ئىمتىيازلىق مائاشلارغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ھەر ئۈچ يىلدا ئۇلارنىڭ مائاشلىرى ئەللا دەرىجىدە ئۆستۈرۈلىدۇ» (57).

ئۈچىنچى، ئامېرىكىدىكى ستراتېگىيە تەتقىقاتى راناد جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئەندىرىس ۋىمبۇش جۇڭگونىڭ ئالاھىدە دەۋىتى بىلەن جۇڭگونى بىرقانچە قېتىم زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى زىيارىتى 1986 - يىلى ئىدى. ئۆكتەبىردىكى زىيارەتتە جۇڭگونىڭ بەزى مەسئۇللىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھ-

بەتلىرىدىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شەرقىي تۈركىستان ئۆز ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاراپ يۈزلەندى. خۇسۇسەن يەرلىك مۇسۇلمان-لارنىڭ كۆپلىرى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆپلەپ ئادەم يەرلەشتۈرۈشنى مەخسەت قىلغان چوڭ كۆلەملىك تەييارلىقلىرىدىن كۆرگەن بەلگىلىرىنى ئۆز-ئارا يوشۇرۇن ئېيتىشىدۇ. كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈلگەن خەنزۇ مۇھاجىرلىرىنىڭ سانى ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان ساندىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇ رايونغا كەڭ كۆلەمدە بېرىپ يەرلىشىش دولقۇنلىرىنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. چۈنكى جۇڭگو-لۇقلار يەرلىك خەلقتە بولمىغان سانائەت قۇدرىتىگە ئىگە.

كادىرلاردىن بىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغانلىقىنى ئۇ ئاھالىسىنىڭ ئازلىقىنى غەربىي ئامېرىكىغا ئوخشاتتى. يەنە بىرى مۇنداق دېدى: "شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەرەققىياتىدىن پايدىلىنىدىغان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۇ جايدىكى مۈشكۈلاتلارنى ھەل قىلىشى لازىم»

مانا بۇ شۈبھىسىزكى ئۇ جايغا كەڭ كۆلەمدە خەنزۇلارنى يۆتكەپ ئاپىرىشنى مەخسەت قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئىشلار ئارقىلىق راستىنلا تۈركىستاننى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قازىنىشنى مەخسەت قىلىنىدىغان بولسا، بۇ رايوننىڭ ئاھالى-سىنى مەدەنىيەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىشلار جۇڭگونىڭ كۆپلەپ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي تۈر-كىستانغا كۆپلەپ ئادەم يەرلەشتۈرۈلگەننىڭ بەدىلىگە بولسىمۇ تىجارەت ئىشلىرىدا يەرلىك خەلقنىڭ شىركەتچىلىكىنى قوبۇل قىلماستىن تىجارەت يولىنى جۇڭگو بازارلىرىغىلا ئېچىۋېتىش بىلەن تۇرۇپ ئۇ جاينىڭ ئىشلەپ چىقىرىشنى ئىشلىتىش مۇمكىن ئەمەستۇر» (58).

ئامېرىكىدىكى ھارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ تەتقىقاتى پاكولتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئەدىن ئەبى 1987-يىلى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، 1988-يىلى ئاپرېلنىڭ 6-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە ئىستانبۇلدا ئېچىلغان شەرقىي تۈركىستان تارىخى ھەققىدىكى 1-قېتىملىق دۇنياۋى قۇرۇلتايدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھازىرقى يېڭى

كەڭچەيمەكنىڭ تەسىرى تۈرتكىسىدە سوزۇلۇپ مۇنداق دېيىلىدۇ «شەرقىي
تۈركىستاننىڭ تاشقى دۇنياغا ئېچىلغانلىقى ۋە ئۇ جايىغا ساياھەتچىلەر-
بېرىشى ئىشلىرىنىڭ ئاسانلاشقانلىقى تۈركىستان خەلقىنىڭ تاشقى
دۇنيا ئەللىرى بىلەن تونۇشۇشى، دۇنيا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشى
ۋە دۇنيادىكى يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەردار بولۇشى، بولۇپمۇ
تارىخى ۋە مەدەنىي جەھەتلەردىن ئۆز-ئارا زىچ ئالاقىدار بولغان
قوشنا ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ياردەمچى
بولالايدۇ. ئەمما موشۇ كەڭچەيمەكلەرنىڭ تەسىرىدە تۈركىستان خەلقىگە
ئىككى چوڭ خەتەر كۆز ئېچىپ تۇرماقتا.

ئۇنىڭ بىرى، تۈركىستانغا بارغان ساياھەتچىلەرنى قوغداشتىن ئاشقىرى
ئۇلارنىڭ بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە يۆتكىلىشى، ئىقامەت قىلىشى ۋە ياشىشى
راھەتلىنىشى قاتارلىق ئىشلاردا ئۇلارغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن ساياھەت
سانائىتى يېتىشكەن تەجرىبىلىك كۆچكۈچىلەرگە ۋە ئاساسلارغا ناھايىتى
موھتاجدۇر. چۈنكى ساياھەت ئىشى شەرقىي تۈركىستاندىكى يېڭى بىر
سانائەتتۇر. ئۇ خۇددى خەنزۇلار باشقۇرۇۋاتقان نېفىت چىقىرىش
سانائىتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئېچىش سانائەتلىرىگە
ئوخشاش سانائەتتۇر. بۇ سانائەتلەرنى كېڭەيتىش ئىشى چوقۇم
جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ رايونغا كۆپلەپ چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. مانا
بۇ ئىش ئۇ جايدىكى مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيەت
ۋە تىل-يېزىقىغا خەۋپ كەلتۈرۈشكە تەھدىت سالىدۇ.

يەنە بىرى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ساياھەت ئىشلىرىنى كونترول قىلىۋېلىشى،
ساياھەتچى ۋە زىيارەتچىلەرنى ئۇ جايدىكى مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ ھاياتى
ۋە مەدەنىيىتىدىن خەۋەردار بولۇشتىن چەكلەيدۇ. خۇسۇسەن شەرقىي
تۈركىستاندىكى ئاسار-ئەتىقە ئورۇنلىرى، بۇ رايوننىڭ ئەسلىدىكى ئالاھىدە خۇسۇ-
سىيەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلىرىدىن ئايرىغلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى
خەنزۇچە كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئىقاپلانغان».

# خۇلاسە ۋە تەۋسىيە

كۆرۈنۈۋاتقان رىيال ئەھۋاللار جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئادەم كۆچۈرۈش، ئۇلارنى يەرلەشتۈرۈش، ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇلارنىڭ بۇ جايغا چوڭ كۆلەمدە خەنزۇ يەرلەشتۈرۈش پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويغان سىياسىي كەڭچىلىكنىڭ بەزى شارائىتلارنى تولۇقلاپ بولۇشىدىن پايدىلىنىش ھەرىكەتلىرى ئىدىن ئېقىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

رەسمىي تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساس-لانغاندا ھازىر شەرقىي تۈركىستانغا 4½ مىليون خەنزۇنىڭ يەر-لەشتۈرۈلۈپ بولغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. دۆلەتلەر ئارا نەشرىيەتلەرنىڭ مەلۇماتى بويىچە شۇ سانىنىڭ ئىككى ھەسسىسى يەرلەشتۈرۈلۈپ بولغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ۋېبگىل ئىسكار مۇنداق دەيدۇ: «ئەھۋال ئەگەر مۇشۇ ئۇسلۇب بويىچە داۋام قىلىدىغان بولسا چوقۇم ئۇيغۇرلار يېقىندا ياكى كېيىنچە ئۆز ۋەتىنىدە ئازسانلىققا ئايلىنىپ قالىدۇ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس ئانا يۇرتى - شەرقىي تۈركىستان ئۇلار ئۈچۈن ئاساسسىز بولۇپ قالىدۇ» (59).

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرقى مۇشۇ يەرلەشتۈرۈش دولقۇنى شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ شەخسىيىتىگە يېقىندا بولسۇن ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن چوڭ خەتەرلەرنى كەلتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان بولسا، خوياڭباڭنىڭ تەكىتلىشى بويىچە بۇ رايونغا 200 مىليون خەنزۇنى يەرلەشتۈرۈش ۋە سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا چېگرىسىدا 100 مىليون خەنزۇ ئەسكىرىنىڭ بولۇشى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ قورقۇنچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەلكى ۋىلىيام سىكستون ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ خەتىرى جەنۇبىي غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ (60).

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويۇۋاتقان خەنزۇ

يەرلەشتۈرۈش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسەتلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە ئاساسى مەخسەتلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەتقىق قىلىش مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ زۆرۈر ۋەزىپىلىرىدىندۇر . چۈنكى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستان ئاھالىسىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەھشى ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدە ئۇ جايدا يۈز بېرىۋاتقان ئېچىنىشلىق ھادىسىلەردىن كۆز يۇمۇش ياكى ئۇنىڭغا ئېھتىمام بەرمەسلىك قوشنا دۆلەتلەرنى چوڭ خەتەرلەرگە ۋە كەلگۈسىدىكى تەھدىتلەرگە يۈزلەندۈرىدۇ . خۇسۇسەن شەرقى تۈركىستان رايونىدىكى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ چېگرىسىغا 200 مىليون ياكى 100 مىليون خەنزۇنى يەرلەشتۈرۈش پىلانى تاماملانسا ، ئۇ چاغدىكى خەتەر تېخىمۇ چوڭ ۋە تېخىمۇ ئومۇمى بولىدۇ . مۇسۇلمانلارنىڭ ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا ئادەم يەرلەشتۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى توختىتىپ ، شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىسلامى ۋە مىللى ئەنئەنىۋى شەخسىيىتىنى ساقلاپ قالغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭدا قوشنا بولغان ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى ۋە سالامەتلىكىنى ئاخىرغىچە ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر . شەرقى تۈركىستان ئاھالىسىنى جۇڭگولۇقلارنىڭ يوقىلىۋېتىشىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بارلىق ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ۋە ئىسلامى ھەيئەتلەرنىڭ شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىگە ئېھتىمام بېرىشى تامامەن ھەقلىقتۇر . بەلكى زۆرۈردۇر . ئۇنداق ئۈستىگە شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش قوشنا دۆلەتلەرگە كۆز ئېچىۋاتقان چوڭ خەتەرلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ياكى يەڭگىللىتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز بىرلىكىنى ، ئىسلامى شەخسىيىتىنى ۋە ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىشىدىكى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ۋە ئۇلارغا يېقىندىن ياردەمدە بولۇش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىدۇر .

بۇ ئىشلار ھۆكۈمەت ۋە خەلقلەر تەرىپىدىن تەشكىل تاپقان

ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى ھەيئەتلەر ئۇ، بەھسىلەر
ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ . كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن،
ئەلۋەتتە ئاللا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ . ئاللا مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ .

ئەبۇ مۇسلىم رەھمەتۇللا رەھمەتى

# ئىزاھلار :


(1) «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» مىللەتلەر نەشرىياتى - بېيجىڭ. 11-ۋە 13-بەتلەر. 1984-يىل. (ئۇيغۇرچە).

(2) لو يۈەن «شىنجاڭ كەلگۈسى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن مەركەز». «بېيجىڭ ژۇرنىلى». 34-بەت. 1985-يىل 7-يانۋار.

(3) يۇقارقى ماقالىنىڭ 34-بېتىگە قارالسۇن.

(4) يۇقارقى ماقالىنىڭ 30-بېتىگە قارالسۇن.

(5) ئەركىن ئالپتېكىن «شەرقى تۈركىستاندا بۈگۈنكى چىن ئىدارىسى» 1-خەلقئارا تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە تارىخ ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى. 1988-يىل ئاپرېلنىڭ 6-8-كۈنلىرى. ئىستانبۇل. (تۈركچە).

(6) «جۇڭگو يىتەكچىسى». رادىيو نەشرىياتى، 562-564-بەتلەر. توكيو. 1987-يىل. (ئىنگلىزچە).

(7) يۇقارقى كىتابنىڭ ئايىنى بەتلىرىگە قارالسۇن.

(8) ۋىمبۇش. س. ى «ھازىر شىنجاڭ ئاتالغان جايدا جۇڭگونىڭ قىسسىسى». «ئىسلام دۇنياسى» ژۇرنىلى. 1987-يىل 6-ئاي.

(9) درېير تېيوفىل «جۇڭگونىڭ غەربى ئازسانلىقلىرى ئۈچۈن تىل پىلانى». «تىنچ ئوكيان ئىشلىرى». 51-توم. 373-بەت. 1987-يىل 3-سان. كانادا. (ئىنگلىزچە).

(10) ۋىمبۇش، س. ى. «ھازىر شىنجاڭ ئاتالغان جايدا جۇڭگونىڭ قىسسىسى». «ئىسلام دۇنياسى» ژۇرنىلى، 1987-يىل 6-ئاي.

(11) «شىنجاڭ گېزىتى». 1960-يىل 12-ئاينىڭ 14-كۈنى.

(12) ۋىمبۇش، س. ى. «جۇڭگونىڭ قىسسىسى». 8-بەت.

(13) ئەركىن ئالپتېكىن «شەرقى تۈركىستاندا بۈگۈنكى چىن ئىدارىسى».

(14) «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومومى ئەھۋالى». 420-بەت.

(15) «ۋاشىنگتون پوست» . 1985 - يىل 14 - ئىيول .

(16) فىرىبېرن . م . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى دېموگرافى ۋە ئىقتىسادى ئۆزگىرىشلەر» . 107 - بەت . (ئىنگلىزچە) .

(17) «جۇڭگو شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئاسسىمىلياتسىيە ھەركەتلىرىدىن تېز ئۆتىدۇ» . "ئىسلام دۇنياسى" ژورنىلى ، 1986 - يىل 6 - ئاي . 58 - سانىنىڭ 36 - بېتى .

(18) سون . ھ . ل «جۇڭگو ئۆلكىلىرىدىكى ئىرقى توقۇنۇش» . "نيۇزۋىك" 1985 - يىل 26 - مارت . (ئىنگلىزچە) .

(19) «شىنجاڭ مۇسۇلمان ئۇرۇقچىلىرى قالايمىقانچىلىق تەشۋىشلىرىنى يېڭىلايدۇ» . "ئەرەب خەۋەرلىرى" . 1988 - يىل 24 - سېنتەبىر . (ئىنگلىزچە) .

(20) ۋىسكوف . م . «غەربى ستراتېگىيىلىك ئۆلكىدىكى ئىرقى توقۇنۇش بېيجىڭنى دەككە - دۈككىگە سالدى» . "ۋاشىنگتون پوست" . 1981 - يىل 12 - سېنتەبىر . (ئىنگلىزچە) .

(21) ۋىگېل ئوسكار . «شىنجاڭ» . 45 - بەت .

(22) «شىنجاڭ : جۇڭگو كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ قىيىن مەسىلىلىرى» . 12 - 16 - بەتلەر . 1982 - يىل 22 - دېكابىردىكى "مەخپىي دوكلات" . (ئىنگلىزچە) .

(23) ۋاڭ سۇيلون «جۇڭگونىڭ يېڭى نوپۇس سىياسىتىنىڭ نەتىجىلىرى» "جۇڭگو مەسىلىلىرى ژورنىلى" . 1984 - يىل 6 - ئاي . 98 - سان . 288 - بەت . (ئىنگلىزچە) .

(24) ئايرېد . ج . س . «جۇڭگونىڭ 1982 - يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشىدە دەسلەپكى نەتىجىلەر» . 1983 - يىل دېكابىر . 96 - سان . 619 - بەت . (ئىنگلىزچە) .

(25) بەدرىددىن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۈگۈنكى ۋە ئۆتمۈشتىكى تارىخى» . بېيرۇت . 1974 (1394 - ھىجرى) . 104 - بەت . (ئەرەبچە) .

(26) «جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتى» . جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى .

8 - بەت. بېيجىڭ. 1953 - يىل. (ئەرەبچە).

(27) فلىسبۇرى. ب. ل. ك. «جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار نوپۇسى چوڭ - كىچىك ئۈچ ئىرقىيەت سوتسىيالىزم ئىنقىلابىدا»، «ئازسانلىق مۇسۇلمانلار خىزمىتى ئىنستىتۇتى» ژۇرنىلى، 3 - توم. 2 - بەت. 1981 - يىل يازلىق سانى. (ئىنگلىزچە).

(28) يۈسۈپ چاك «جۇڭگودىكى ئازسانلىق خۇيزۇلار. تارىخى كۆرۈنۈش»، «ئازسانلىق مۇسۇلمانلار خىزمىتى ئىنستىتۇتى» ژۇرنىلى 8 - توم، 73 - بەت. 1987 - يىل 1 - يانۋار. (ئىنگلىزچە).

(29) فلىسبۇرى. ب. ل. ك. «جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار نوپۇسى ....»، 83 - بەت.

(30) «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومومى ئەھۋالى»، 20 - بەت.

(31) يۇقارقى كىتابنىڭ 30 - بېتىگە قارالسۇن.

(32) «نيۇزۋېك» 1982 - يىل 26 - ئىيۇل.

(33) «رېيتېر ئاگېنتلىقى»، 1982 - يىل 8 - ئاپرېل، «ۋاشىنگتون پوست»، 1981 - يىل 2 - دېكابىر، «كونگرېس قىيپكىل»، 1982 - 17 - سېنتەبىر. (ئىنگلىزچە).

(34) چىن شوفىڭ «جۇڭگودىكى كوممۇنىستىك تۈزۈمنىڭ جاپالىق ئەھۋالىنى باشتىن ئاخىر ئىسلاھ قىلىشى». تەيۋەن. 1978 - يىل ئاپرېل. (ئىنگلىزچە).

(35) «جۇڭگو كوممۇنىستلىرى توغۇت چەكلەش پىلانىنى ئىجرا قىلىشنى ئىستىدى»، «ئەرەب خەۋەرلىرى»، 1988 - يىل 19 - ئىيۇن.

(36) «كەڭ تارقالغان مەخپىي ئېقىم». سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، شىنجاڭ ج. م. ج. ب كومىتېتى كېڭەيگەن يىغىندا يەرلىك مۇستەقىللىق دەۋرگىتى توغرىسىدا بەرگەن دوكلاتى. 512 - نومۇر. 1957 - يىل 26 - دېكابىر. (ئىنگلىزچە).

(37) خولو بىنيېچى. ل. «خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشى»، 112 - بەت.

38. لال ئامورت . «جۇڭگودىكى ئازسانلىق ئىرقلارنىڭ ئەھمىيىتى» .
«پەردە ئارقىسى» شاڭگاڭ . 1970 - يىل 15 - فېۋرال . 8 -
توم ، 4 - سان ، 21 - بەت . (ئىنگلىزچە) .

39. «ۋاشىنگتون پوست» . 1985 - يىل 14 - يانۋار .

40. جېيمس مان «جۇڭگو ئۇيغۇرلىرى ئادالەت ئۈچۈن بارغۇدەك
ئىزدەيدىغان ئازسانلىقلاردۇر» ، 1985 - يىل 2 - ئىيۇل .
«لوس ئانگېلىس تايمىز» ژۇرنىلى . (ئىنگلىزچە) .

41. يوقارقى ئۇچۇرلارغا قارالسۇن .

42. سون لېنا ، ھ . «جۇڭگو ئۆلكىلىرىدىكى ئىرقىي توقۇنۇش» ،
«نيۇزدەي» . نيۇيورك . 1985 - يىل 26 - مارت .

43. «ئىمپاكت ئىنتىرناشىونال لوندون» . 1987 - يىل ئۆكتەبىر -
نىڭ 9 - تىن 22 - كۈنلىرى . (ئىنگلىزچە) .

44. ئۇسكوف . م . «غەربىي ستراتېگىيە ئۆلكىدىكى ئىرقىي توقۇنۇش
بېيجىڭنى دەككە دۈككىگە سالدى» . «ۋاشىنگتون پوست»
1981 - يىل 12 - سېنتەبىر .

45. روبېر ئاندېرس «قىزىل تۈزۈم ئاستىدىكى كۆك رەڭلىك شىنجاڭ
مۇسۇلمانلىرى» . «ئەرەب خەۋەرلىرى» . 1988 - يىل 18 - ماي .

46. مىكمىللېن ، د . ھ . «شىنجاڭ ۋە ۋاڭ ئېنماۋ» جۇڭگو
پەسىللىك ژۇرنىلى ، 99 - سان . 581 - بەت . 1984 - يىل
ئۆكتەبىر .

47. ئونېيل مارك «جۇڭگو ئالاھىدە قارشىلىق تورلىمىنى ئورىدى»
«ئەرەب خەۋەرلىرى» . 1985 - يىل 28 - دېكابىر .

48. «بېيجىڭ يېقىندا شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شىددەتلىك ھوجۇمى»
«ئەرەب خەۋەرلىرى» . 1985 - يىل 2 - دېكابىر .

49. «ئاتوم سىناق قىلماسلىق نارازىلىقى بېيجىڭدا ترسالدى ۋە
جۇڭگو سىللىقى تىخمۇ كۆپەك ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلدى» .
«ئەرەب خەۋەرلىرى» . 1985 - يىل 26 - دېكابىر .

«يېقىن شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەلتۆكۈس قارارشىقا چاقىردى»

"ئەرەب خەۋەرلىرى" گېزىتى، 1985-يىل 25-دېكابىر. «شاڭخەيـ-
دىكى مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار ئاتوم سىناقلىرىغا نارازىلىق بىلدۈردى»
"ئەرەب خەۋەرلىرى" گېزىتى. 1985-يىل 27-دېكابىر.
(50) «شىنجاڭ مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلىرى ئالايمقانچىلىق تەشۋىشلىرىنى يېڭىلايدۇ»
"ئەرەب خەۋەرلىرى" گېزىتى. 1988-يىل 24-سېنتەبىر.
(51) «جۇڭگو ھەرتۈرلۈك نارازىلىقلارنى مەنئى قىلدى» "ئەرەب خەۋەرلىرى"
گېزىتى. 1988-يىل 17-ئاۋغۇست.
(52) «جۇڭگو شىنجاڭ قالايمقانچىلىقى ئۈستىدە ئاگاھلاندۇرۇش ئېلان
قىلدى». "ئەرەب خەۋەرلىرى" گېزىتى. 1988-يىل 18-ئاۋغۇست.
(53) يۇقىرىقى گېزىتكە قارالسۇن.
(54) مكمىللېن، ھ. د. «شىنجاڭ ۋە ۋاڭ ئېنماۋ». جۇڭگو يىللىق
ژۇرنىلى، 99-سان، 590-591-بەتلەر، 1984-يىل سېنتەبىر.
(55) فرېنگلى. ج. «يوشۇرۇن جۇڭگو - بىراق تونجوراپتىنى ئوتۇش سا-
ياھىتى» "ھەپتىلىك خەۋەرلەر" گېزىتى. 69 (A) ۋە 69 (D)-
بەتلىرى. 1986-يىل 16-ئىيۇن.
(56) مكمىللېن. ھ. د. «شىنجاڭ ۋە ۋاڭ ئېنماۋ». 592-بەت.
(57) لىبنا. ھ. «سوۋېت ئازسانلىق مىللەتلەر خەنزۇلارنىڭ بىرگە ئېھتىيات
ئىچىدە ياشايدۇ». "ۋاشىنگتون پوست"، 1985-يىل 14-يانۋار.
(58) ۋىمبوش. ى. س. «جۇڭگونىڭ تىنسىسى». "ئىسلام دۇنياسى"
ژۇرنىلى، 1987-يىل ئىيۇن. 7-بەت.
(59) ۋېگېل ئوسكار «شىنجاڭ»، 144-145-بەتلەر.
" فرېنگلى. ج. «يوشۇرۇن جۇڭگو»، "ھەپتىلىك خەۋەرلەر" گېزىتى.
1986-يىل 16-ئىيۇن.
(60) سكىستون. ۋ. «جۇڭگونىڭ ئەسكەرلەر تەشەببۇسىغا قىلغان
ھەركىتى» "كۈنلۈك خەۋەرلەر" گېزىتى. 1982-يىل 26-ئىيول.
(ئىنگلىزچە)

# پايدىلىنىلغان ئەرەبچە ماتېرىياللار

(المصادر العربية)


١- بارتولد ، ترجمة صلاح الدين عثمان هاشم . «تركستان من الفتح العربي إلى الغزو المغولي» الكويت عام ١٤٠١ - ١٩٨١م .

٢- بارتولد ، ترجمة احمد السعيد سليمان . «تاريخ الترك في آسيا الوسطى» القاهرة ١٣٧٨هـ - ١٩٥٨م .

٣- النظامي العروضي السمرقندي ، ترجمة عبدالوهاب عزام ويحيي الخشاب «چهار مقالة (تورت ماقالا) ، في الكتابة والشعر والنجوم والطب» القاهرة . ١٣٦٨ هـ / ١٩٤٩ م .

٤- بدرالدين و . ل . حي . «تاريخ المسلمين في الصين» طرابلس . لبنان ١٣٩٤ هـ / ١٩٨٤ م .

٥- الدكتور فؤاد عبدالمعطي الصياد «المغول في التاريخ» الجزء الأول بيروت . ١٩٨٠ م .

٦- عيسى يوسف البتكين ، ترجمة - اسماعيل حقي شن كولر ، «قضية تركستان الشرقية» مكة المكرمة ١٣٩٨ هـ / ١٩٧٨ م .

٧- محمد امين اسلامي التركستاني «حقائق عن تركستان المسلمة» جدة ١٣٨٤ هـ / ١٩٦٤ م .

٨- محمد سعيد اسماعيل «المسلمون في الاتحاد السوفياتي والصين الشعبية» الجزء الأول . القاهرة . ١٣٨٠ هـ / ١٩٦٠ م .

٩- محمد امين بوغرا . «محاربة الحرية والاستعمار في تركستان الشرقية» القاهرة . ١٩٥٩ م .

١٠- سير توماس ، و . ارنولد ترجمة . الدكتور حسن ابراهيم والدكتور عبدالحميد عابدين «الدعوة الى الاسلام» ، القاهرة . الطبعة الثانية . ١٩٥٧ م .

١١- الدكتور حسن احمد محمود و احمد الشريف «العالم الاسلامي في العصر العباسي» ، القاهرة ، ١٩٦٦ م .

١٢- عبدالعزيز عاشور جنكيزخان «تركستان قلب آسيا» . القاهرة . ١٩٤٥ م .

١٣- محمد تواضع «الصين والاسلام» . ١٩٤٥ م .

١٤- «حياة المسلمين في الصين» الجمعية الاسلامية الصينية . بكين .

١٣٧٢هـ/١٩٥٣م .
١٥ـ علاء الدين عطاء ملك الجويني «تاريخ جهانكشاي» . لندن . ١٣٥٥هـ/١٩٣٧م .
١٦ـ الدكتور محمد عبدالمنعم خفاجي «ابو دلف الخزرجي» الرياض . ١٣٩٢هـ/١٩٧٢م .
١٧ـ الدكتور حامد غنيم أبو سعيد «العلاقات السياسية بين دولة الخطا والدول الاسلامية المعاصرة» . «مجلة كلية العلوم الاجتماعية» . جامعة الأمام محمد بن سعود الاسلامية . الرياض ، العدد الخامس ١٤١١هـ/ صفحة ٤٠ ـ ٧٨ .
١٨ـ ياقوت الحموي «معجم البلدان» المجلد الثاني . ص ٢٣ . دار بيروت ، بيروت . ١٣٧٥هـ/ ١٩٥٦م .
١٩ـ أبو الفداء عماد الدين اسماعيل بن محمد عمر صاحب حماة المتوفى عام ٧٣٢ هـ . «تقويم البلدان» باريس . ١٨٤٠ .
٢٠ـ الدكتور حسن احمد محمود «الاسلام في اسيا الوسطى» . القاهرة عام ١٩٧٢ .

# پايدىلىنىلغان ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار


1— «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى». مىللەتلەر نەشرىياتى. بېيجىڭ. 1984.

2— ئابدۇقادىر يونۇس «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تەبىئى جۇغراپىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. ئۈرۈمچى. 1986. (1-3-بەتلەر).

3— ئابدۇللا تۇمەن «مانجۇلارنىڭ چىن تۈركىستاننى ئىدارە قىلىش سىياسىتى» «خان تەڭرى» ژۇرنىلى. تەيۋەن. 1981-يىلى، 1978-يىلى. (3-8-بەتلەر).

4— ئەخەت تۇردى «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى. قەشقەر. 1988.

5— موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ «غوزوگوم» «بۇلاق» ژۇرنىلى. 1981-يىلقى سانى، 208 ۋە 225-بەتلەر. ئۈرۈمچى.

6— لىيونچى «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى دەۋردىكى ئاباد-تىخانا سارايى مەرھۇملار سارىسى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 14-سان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. ئۈرۈمچى. 1985.

7— ئابدۇللا تالىپ «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئەھركىلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. ئۈرۈمچى. 1987.

8— «مەملىكەتلىك مىللى ئىشلار كومىتېتى رىياسەتچىلىكىدە: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1985.

9— «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. ئۈرۈمچى. 1985.

10— «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 16-سانى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. ئۈرۈمچى. 1985.

11— مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا «شەرقى تۈركىستان تارىخى-سىرىنگار» 1940-يىل.

12— ئابدۇرېھىم سابىت «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى». قەشقەر. 1984.

## پايدىلىنىلغان چەتئەل ماتېرىياللىرى

Mc Millen, Donald H. : Chinese Communist Power and Policy in Xinjiang 1949-1977. Westview Press, Boulder, Colorodo 1979.

Lattimore, Owen,ed. : Pivot of Asia : Sinkiang and Inner Asian Frontiers of China and Russia, Ams Press, New York 1975.

Wen Djang Chu : The Moslem Rebellion in Northwest China 1862-1878. Mouton and Co. The Hague 1966,

Dreyer, June Teufel : China's Forty Millions - Minority Nationalities and National Integration in the People's Republic of China. Harvard University Press, Cambridge, Mass, 1976.

Josephine, Chou Nalene : Frontier Studies and Changing Frontier Administration in Late Ch'ing China : The Case of Sinkiang 1759-1911. University of Washington, Ph.D. 1976.

Fleming, P. : News from Tartary, Jonathon Cape, London, 1945.

Lee, Fu-Hsiang : The Turkic - Moslem Problem in Sinkiang : A case study of the Chinese Communist Nationality



142

Policy, Ph.D. Rutgers University 1973.

Forbes, Andrew D.W. : Warlords and Muslims in Chinese Central Asia, Cambridge University Press, London, 1986.

Shwarz, H.G. : Chinese Policies Towards Minorities : An Essay and Documents, Western Washington State College, Program in East Asian Studies, Occasional Paper No. 2, Bellingham, Washington 1971.

Lo, J.P. : Five Years of the Sinkiang - Uigur Autonomous Region 1955-1960, The China Quarterly, London, Vol. VII, Oct.-Dec. 1961.

Dr. Chu Chio Luo : Taiwan and Sinkiang , Chinese Associations for the United Nations Taipei, 1954.

Drew, W.J. : Sinkiang : The Land and the People, Central Asian Review, London, Vol. XVI No. 3, 1968.

McMillen, D.H. : Xinjiang and the Productin and Construction Crops : A Han Organisation in non-Han Region, The Australion Journal of Chinese Affairs No. 6, 1981.

Wimbush, The China Story : Where now Xinjiang, Islamic World Review : No. June 1987.

China bends but there are walks still to climb : Islamic World Review : Arabia, London, No. 43, March 1985.

Lu Yun : Xinjiang : A Centre for future Development, Beijing Review, Beijing, January 7, 1985.

BBC London, 28 January, 1986.

Wiens, H.J. : The Historical and Geographical Role of Urumchi : Capital of Chinese Central Asia, Annals of the Association of American Geographers, 53:4, Dec. 1963.

Arid, J.S. : The Prilimanery Results of China's Cencus; The China Quarterly No. 96, Dec. 1963.

Heaton, W.R. : The Minorities and the Military in China, Armed Forces and Society Vol. III, No. 2, Winter, 1977.

Schwarz, H.G. : Chinese Migration to North-West China and Inner Mangolia, 1949-1959. : The China Quarterly.

Holubnychy, Lydia : Chinese Treatment of Nationality Problems in Sinkiang, The East Turkic Review, No. 2, 1960.

Weggel, Oskar : Xinjiang : Das Zentral Asiatische China Eine Landskunde Hamburg, 1985.
White'III, Lynn T. : The Road to Urumchi : Approved Institutions in Search of Attianable Goals During Pre-1968, Rustication from Shanghai. : The China Quarterly, Sep. 1979.
McMillen, D.H. : Xinjiang and Wang Emao : New Directions in Power, Policy and Integration, The China Quarterly, No. 99, Sep. 1984.
Hsiao-Ch'un-Fu : Commander of the Urumchi Military Region, Issues and Studies, Taipei, Vol. XVIII, No. 12, Dec. 1982.
Remote Province Hopes to become China's California, Washington Post, Jan. 13, 1985.
Sexton, W. : Chinese Move to Protect A Flank, Newsday, July 26, 1982.
Esposito, B.J. : The Millitiamen of Sinkiang Asia Quarterly, 1977, No. 2.
Alpetekin, M.E. : Dogu Turkistan'da Bugnku Cin Idaresi, I. Milleterarosi Turkistan kultur ve Tarih Semineri, Istanbul, April 6-8, 1988.
Chinese Directory 1988, Radio Press Tokyo 1987.
Dryer, J. Teufel : Language Planning for China's Ethnic Minorities, Pacific Affairs, Canada, Vol. 51, No.3, 1978.
Freeberne, M. : Demographic and Economic Changes in the Sinkiang Uigar Autonomous Region. Population Studies, Vol. XX No. 1, July 1966.
China : Xinjiang's Muslim Flight assimalition Moves, Islamic World Review : Arabia London, No. 58, June 1986.
Sun, H.L. : Ethnic Conflict in Chinese Province, Newsday, Mach 26, 1985.
Xiniang Muslim Students Rekindle fears of unrest, Arab News Sep. 24, 1988.
Weiskopt M. : Ethnic Conflict in Strategic Western Province Alarms Peking. : Washington Post, Sep. 12, 1981.
Sinkiang : The Problems facing a Muslim Community



Under Chinese Communist Rule Private Report on Dec.22, 1987.
Wang Siu-lun : Consequences of China's New Population Policy : The China Quarterly No. 98, June 1984.
Pillsbury, B.L.K. :The Muslim Population of China : Clarifying the Questions of size and Ethnicity. :Journal Institute of Muslim Minority Affairs, London, Vol. III, No. Winter 1981
Hajji Yusuf Chang : Hui (Muslim) Minority in China : An Historical Overview, Journal, Institute of Muslím Minority Affairs, Vol. VIII, No. 1, January 1987.
Alptekin, M.E. : Persecution of the Turkic Muslim of Eastern Turkistan, Al-Ilm, Vol. 7, January 1987, University of Durban, Westville.
Chinese Muslim told to Practice Family Planning, : Arab News, June 19, 1988.
Pringle, J. : The Secret China : Traversing the Exotic Khunjerab Pass, : Newsweek, June 16, 1986.
Sun, L.H. : Minorities, China Live Togather Wavily. : Washington Post, Jan. 14, 1985.
Macartney, G. Eastern Turkistan : The Chinese Rulers over an Alien Race. : The Proceedings of the Central Asian Society, London 1909.
Rossabi, M. : China and Inner Asia from 1368 to the Present day, : Thames and Huson, London 1975.
Boulger, D.C. : The life of Amir Beg, Amir of Kashgar. : W.H. Allen and Co. London 1879.
Lal Amrit, : Signification of Ethnic Minorities in China. : Current Seene, Hong Kong, Feb. 15, 1970, Vol. III, No. 4.
Dr. Resat Genc: Karahanli Devlet Teskilati, Istanbul, 1981.
Mackerrs Colin, : The Uighur Empire, Columbia 1972
Samolin William : East Turkistan to the Twelfth Century. Mounton Co., The Hague, 1964.
Gibb, H.A.R. : The Arab Invasion of Kashgar in A.D. 715: The Bulliten of School of Oriental and African Studies, London,1822,Vol. II, pp. 467-474.
Ogel, B. : Sino - Turcica, Taipei, 1964.

# ٥٠ آسية الطبيعية

